# ئا. ئۆتكۈر ئەسەرلىرى

## ماتېرىيال بىر قانچە داڭلىق مۇنازىرە مۇنبەرلىرىدىن ئېلىندى

ماتېرىيال توپلىغۇچى: ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسىدىن مۇھەممەدجان ھەمىت ھەيدەرى (tapakkur@gmail.com)

تەھرىرلىگۈچى ۋە ئېلكىتابقا ئايلاندۇرغۇچى: مەزكۇر گۇرۇپپىدىن سەھرا ئوغلى (sahraboy@gmail.com)

(ئىملاسى ئۇيغۇر ئېدىت بىلەن تەكشۈرۈلدى)

ئا. ئۆتكۈر



كۈچلۈك رېئالىزملىق روھ ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1985- يىلى تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي رومان «ئىز» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كىتابخانلارنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبىرىدە كىشىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان چولپان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىلگىرى- ئاخىر "قەشقەر كېچىسى"،"ئىز"،"ئۆمۈر مەنزىللىرى"، "ئويغانغان زېمىن" قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە "شېئىر ۋە شائىر"،"تۇرپان تەسىراتلىرى"،"قەشقەر كېچىسى"،"ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك" قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شېئىرىيەت، مىللەتلەر ئەدەبىياتى, غەربىي دىيار ئەدەبىياتى, قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 1982-يىلى 1-ئايدا خەلق گېزىتىدە ۋە مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا دائىر ئوبزورلار مەجمۇئەسىنىڭ 2- سانىدا "قەشقەر كېچىسى "ھەققىدە مەخسۇس ئوبزورلار ئېلان قىلىنىپ، بۇ نادىر ئەسەر ئۇيغۇر شېئىرىيەت گۈلزارىدىكى ئاجايىپ ئېسىل گۈل دەپ مەدھىيىلەندى. بۇ داستانىنىڭ ياپون تىلىدىكى قىسقارتىلغان تەرجىمىسى 1985-يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى نىڭ 2- توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. خەنزۇچە تەرجىمىسى 1988- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم كىتاب بولۇپ بېسىلىپ چىقتى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئۆزى بولسا،1983- يىلى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى دېگەن كىتابتا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

مۇشۇنداق مول نەتىجىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىستېداتلىق يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923- يىلى قۇمۇلدا ئوتتۇرا ھال تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتا- ئانىسىدىن كىچىكىدىلا ئايرىلىپ، يېتىم قالغان. دادىسى تىلەش بېگىم ئاتۇش تىجەنلىك كىشى بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتەر چېغىدا، ئەمدىلا تۆت ياشقا

كىرگەن ئابدۇرېھىمنى قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان دوستى ئوسمان ھاجىغا ئوغۇللۇققا بېرىۋەتكەن. ئوسمان ھاجىم كۆپنى كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق، تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولغاچقا، ئابدۇرېھىمنى ئىنتايىن ئارزۇلاپ ۋە كۆڭۈلۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن. ئۇنى ئۆزى ئوقۇتۇپ خەت- ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، دىنىي مەكتەپكە بەرگەن. دىنىي مەكتەپتە دەرسلىك قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەر ئىچىدە" سوپى ئاللا يار" دېگەن كىتاب تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك ئاممىباب، گۈزەل، تەسىرلىك بولۇشى ۋە ۋەزنىنىڭ جاراڭلىقلىقى بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككى مىڭ مىسرادىن ئارتۇق شېئىردىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى يادىلاپ بولغان.

1934-يىلى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر باشلانغۇچ مەكتەپتە پەننىي بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. ۋە 1936-يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئۈرۈمچى بىرىنچى گىمنازىيىدە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1939- يىلى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن.1942- يىلى بۇ مەكتەپنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن.

ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپ تۇرمۇشى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۈچۈن يېڭى ھايات دەۋرى بولغان. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا لىن جىلۇ، لى زىلياڭ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ، شۇنىڭدەك دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئايۇپ مەنسۇرى قاتارلىق ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەسىرىدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە بولغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە گاڭ قانات لاچىن، دولقۇنلۇق ھايات، يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا، تامچە قاندىن "مىليون چېچەكلەر"،" چىن مودەن "(ل. مۇتەللىپ بىلەن بىرلىشىپ يازغان) قاتارلىق شېئىر، داستان، ۋە درامىلارنى شىنجاڭ گېزىتى، يېڭى نۇر قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئارقا- ئارقىدىن ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات سېپىگە ئۈمىدلىك ياش بولۇپ قوشۇلغان. 1943-يىلى باھاردا، مىلىتارىست شىڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەر لىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ياش شائىرمۇ بۇ بوراندىن ئامان قالماي1944-يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى.

ئۇ 1945-يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.1946-يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى، يۈرەك مۇڭلىرى تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىقتى. ئازادلىقتىن كېيىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خىلى بىر مەزگىل، ئاساسەن تەرجىمانلىق، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن، جۈملىدىن چەت ئەل تىللىرى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى توختىتىپ قويمىغان ئىدى. لېكىن شۇ چاغلاردا ئۇ سول لۇشيەنىنىڭ كاساپىتى بىلەن مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. پەقەت پارتىيە11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا، شائىر قايتىدىن ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولدى ۋە تولۇپ- تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتى. ئۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە "ياخشى"،" كېرەك بولسا"، "ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس"، "بوغدا ئانام"،"مەن ئاق بايراق ئەمەس"،"قەشقەر كېچىسى"، "ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك"،" گۈل ۋە ئازغان" قاتارلىق شېئىر، داستان ۋە باللادىلارنى، "ئىز"، "ئويغانغان زېمىن "رومانلىرىنى ئېلان قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تولۇق نامايان قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ ھارماس قەلەمكەش، ئىستېداتلىق يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر1995-يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خەيرلەشتى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن »رومانىدىن ماقال-تەمسىللەر

يىلان يىلاننى يەپ ئەجدىھا بولىدۇ.

بىر قولۇڭ ئوتتا بولسا بىر قولۇڭ سۇدا بولسۇن.

قۇشنى دان ئالدايدۇ ئادەمنى سۆز.

بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ، يامان ئايىغىدىن.

چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ، دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ.

ھەممىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، قاننىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ.

دۈشمىنىڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگۈچە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆمرىنى تىلە.

مازاردىن پۈتۈڭنى يىغ، پادىشاھتىن تىلىڭنى

بەس قەلەم، كۆرگەن مۇقامغا يورغىلاشتىن توختا سەن،
بارنى سۆزلە، ھەقنى كۈيلە، سەپسەتىلەر ساتما سەن.

نە كېرەك يوق نەرسىلەردىن باش قاتۇرماق شۇنچىلىك،
سايلىقىڭنى بۇلغىتىپ، ياشلار ئاققۇزماق شۇنچىلىك.

مەن سېنى كۆرەش ئۈچۈن قىيدىم بوۋامنىڭ تىغىدا،
بول ماڭا ئۆتكۈر قىلىچ، ياتما مەزلۇملىق قېنىدا.

قەغىزىم ئۈستىدە ماڭساڭ، كۆتكىنىمدىن ئىز ياسا،
ھەر چېكىتتە ھۆرىيەت ـ ئىقبالىغا نېگىز ياسا.

كۆيلە تاغ باشىدا بولساڭ، تاغۇ ـ تاشلار تىترىسۇن،
ھەيۋىتىڭدىن ئەزگۈچى ھاكىم سىنىپ قان يىغلىسۇن!

قەغىزىم ئۈستىگە ئەمدى چۈشمىگەي ياش ئىزلىرىڭ،
خوش ـ خوش ئېيتىپ، كەتسۇن ئەمدى بۇ يىغچان گەزلىرىڭ.

مەن سېنى ماۋزۇ قىلىپ، چوڭ جەڭ ئۈچۈن ئاتىدىم،
بىر كېچە گويا خىيالدا ياۋ كۆزىگە قادىدىم.

جەڭدە يەڭگەچ قەبرىمە < لەۋھە > بولۇپ ياتماقچىسەن،
تۈنلىرىمنى كۈن ياساپ، گۆھەر كەبى يانماقچىسەن.

قېنى ئەمدى كۆيلىگىن ئەسىرىمگە لايىق ناخشىنى،
مەنمۇ تاللاپ يۈرمىدىم سەندىن بۆلەك بىر ياخشىنى!

## ئايلىناي

ئەي ئەزىز يۇرتۇم سېنىڭ باغچە ــ سارايلىرىڭدىن ئايلىناي،
زەپىران تۇسلۇك سېنىڭ غەمكىن چىرايىڭدىن ئايلىناي.

قوينۇڭدىكى ئالتۇن ــ كۈمۈشلۈك تاغلىرىڭدىن ئايلىناي،
كۆكسۈڭدىكى لەختە ــ لەختە قان داغلىرىڭدىن ئايلىناي.

دەريايىڭدا مۈڭلىنىپ ئاققان سۈيۈڭدىن ئايلىناي،
قايغۇ ــ ماتەم، غەمگە چۆككەن ناخشا ــ كۈيۈڭدىن ئايلىناي.

سۇمبۇل چاچلىق، قەلەمقاشلىق قىزلىرىڭدىن ئايلىناي،
ئانىلىق دەردىدە قالغان قان ئىزلىرىڭدىن ئايلىناي.

تىلى باغلىق، دىلى داغلىق شائىرلىرىڭدىن ئايلىناي،
زۆھراسى يوق ناتىۋان تاھىرلىرىڭدىن ئايلىناي.

ئايلىناي يۇرتۇم ئايلىناي، ئالىملىرىڭدىن ئايلىناي،
تىلى يۇمشاق دىلى قاتتىق زالىملىرىڭدىن ئايلىناي!

خەجلە، خائىنلار خەجلە

خەجلە، خائىنلارەي، خەجلە، بۇ ئەلنىڭ مالىنى خەجلە،
يېتىشمەي قالسىلەر ئۇ ھەم ئېلىپ سەن جاننى خەجلە.

خېنىمغا ئوسما دەپ خەجلە ، بېگىمگە تاسما دەپ خەجلە،
تالان ــ تاراجىدىن قالغان پارچە ناننى خەجلە.

دېھقانغا ئاچقۇزۇپ بوزنى، دۇكانغا توقۇتۇپ بۆزنى،
سېلىپ ئالۋاننى يۈز قاتلام، ئىچىپ سەن قاننى خەجلە.

كۆلىدە بېلىقى كۆپ دەپ، يەر ئاستى بايلىقى كۆپ دەپ،
قەدەمدە مىڭ تېپىپ ھىيلە، ئېچىپ سەن كاننى خەجلە.

پالانى ئاقچىدۇر ــ كۆكچى، بۇ ئۆتكۈرمۇ يامان دوقچى،
دەپ پارچىلاپ بۇ مىللەتنى، سېتىپ ۋىجداننى خەجلە.

## توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا

توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا، ھەر بىر قاراپ ئەتراپقا مەن،
تولغىنىپ كەتتىم يىلان چاققان كەبى ئازابتا مەن.

نېمە بۇ، بىر چۈشمۇ يا دەھشەت < قىيامەت > بولدىمۇ،
ياكى ئەلنىڭ ئەجىلى ــ پەيمانىسى لىق تولدىمۇ؟

ئاندا قىيقاس،مۇندا ئۇر ــ پاپ،قول سۇنۇق،باش ــ كۆز يارا،
نى يىگىت ــ قىزلار جان تالىشىپ مەيدان ئارا.

تۈنۈگۈن < يولداش > دېيىشكەن جان بۇرادەرلەر بۈگۈن،
بىر ــ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بەسلىشەرلەر كۈن ۋە تۈن.

بولدى مەكتەپ زاللىرى قىرغىنچىلىق قورغانلىرى،
تەجرىبە ئەسۋابلىرى ــ بومبا ياساش سايمانلىرى.

كارخانا نەيزە ياسار، ئورغاق سوقۇشنى توختىتىپ،
كىيدى قالپاق بەزىلەر گېتلىر سارىڭغا ئوخشىتىپ.

ئاقتى قانلار كوچىلاردا، ئاقتى زاۋۇت سېخىدا،
ئىلىنىپ قالدى جەسەتلەر گاھ دەرەخلەر شېخىدا.

ئاقتى قان، ئاقتى قېرىنداش ھەم بۇرادەرلەر قېنى،
نېمىدەپ يەكۈن ياساركەن بۇڭا تارىخ بىر كۈنى!

< تووۋا> دەپ تۇتتۇم ياقا، ھەر كۈنلۈكى قانغا قاراپ،
شۇنچە قانغا كىم خەلقىنىڭ ئالدىدا ئېيتار جاۋاب؟

## ئىز

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.

ئاز ئىدۇق مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.

قالدى ئىز چۆللەر ئار، گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى ــ نى ئارسلانلار دەشت ــ چۆلدە قەۋرىسىز.

قەۋرىسىز قالدى دېمەڭ يۇلغۇن قىزارغان دالادا،
گۈل ــ چېچەككە پۈركىنۇر تاڭنا باھاردا قەۋرىمىز.

قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بوراق كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.

توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچبولمىسا، بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز، يا ئەۋرىمىز.

## ياخشى

تىرىكتاپ قاغا ــ قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى،
سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى.

كېرەكمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشنا ياخشى.

تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋار تونغا،
كى دىلبەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە كۈلا ياخشى.

قەسەم بىللا، تەمەيىم يوق با ھەيۋەت قەسرى زىننەتتىن،
پېشانەم تەرىدىن پۈتكەن بىمىننەت بورىيا ياخشى.

مېنىڭ تاجىسىز ساياق باشىم ئۆزۈمگە تاجۇ ــ دۆلەتتۇر،
ئېرىكسىز پادىشاھلىقتىن جاھانكەچتى گادا ياخشى.

نەھاجەت جەننەتۇل مەئۋا، ۋەتەننىڭ قوينى بىر جەننەت،
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر، لېچىنغا كەڭ ساما ياخشى.

مەلامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،

بوسۇقتىن دالجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ ــ ۋاپا ياخشى.

جەنۇبقا خەت

ئەي جەنۇب، دەردمەن جەنۇب، ئەي مۇڭلىنىپ ياتقان جەنۇب،

خۇددى تارىم سۈيىدەك كۆز ياشلىرىڭ ئاققان جەنۇب،

گاھ يانار تاغدەك يېنىپ، سەن پارتىلىدىڭ يالقۇن چېچىپ،

ئەمدى تۇتقۇن شىر كەبى مەيۇسلىنىپ ياتقان جەنۇب.

كۆپتىن ئەمدى قايىندى مۇڭلىرىڭ، ئاھ ــ زارلىرىڭ،

كەتتى ھەسرەت ئىچىدە نى كۈرەشچان ئەرلىرىڭ.

ۋەھشىي بىر ئورمان بولۇپ قالدى خىيالىڭ باغچىسى،

تەڭرىگە يەتمەي ئۆتەرمۇ ئاھلىرىڭ، پەريادلىرىڭ!

يىغلاپ ئۆتتى سەن ئۈچۈن ئەسىرىمىزنىڭ قانچىسى،

بۇ يىغىغا باقمىدى جەبىر ــ زۇلۇمنىڭ قامچىسى.

كەلمىگەي ھېچكىم بېشىغا ساڭا كەلگەن كەلگۈلۈك،

ھېچ ئۈزۈلمەسمۇ بۇ قۇللۇق زەنجىرى ــ ئارغامچىسى؟

ياق، ئۈمىد بولغاي سېنىڭ ئاررۇزلىرىڭنىڭ قولدىشى،

تاڭ ئېتىپ ئەلۋەتتە بىر كۈن سۈرتۈلەر كۆزنىڭ يېشى،

كۈيلە ــ كۈيلە ئەرك ــ ئازادلىق كەتسە بۇ ئۆتكۈر بېشى،

قالغۇسى خانتەڭرىدە مەغرۇر كۆلۈپ قەبرە تېشى.

مەنبە: < ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرى > ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

## تاڭ زىياسى يوقمىدۇر

بۇ قارا ھىجران تۈنىنىڭ ئىنتىھاسى يوقمىدۇر،
ۋەسلى دىدار كۈنلىرىنىڭ ئىپتىداسى يوقمىدۇر،

ئۆلگىدەك جانىمغا تەگدى ھىجىر ئاخشامى يامان،
بىر خەۋەر كەلسە نە بولغاي تاڭ ساباسى يوقمىدۇر.

بىر نەپەس يۈز يىل بىلىندى ئىنتىزارلىق دەستىدىن،
تەشنە ئى قەلبىم ئۈچۈن نەشئۇ نەماسى يوقمۇدۇر؟

ئۆرتىدى جىسمىمنى ھەردەم دىلدا يالقۇنلاپ كۆيۈك،
خەستە دىلگە بىر شىپا دورا- داۋاسى يوقمۇدۇر؟

يار خىيالى بىرلە سولدۇم، يەتتى ئۆمرۈمگە خازان،
تەنگە جان بەخش ئەتكىلى كۆكلەم ھاۋاسى يوقمىدۇر؟

بۇ جۇنۇنلۇق دەشتلىرى كەڭ، مېنى ئازدۇردى تالاي،
ئەمدى يول كۆرسەتكۈچى بىر رەھنە ماسى يوقمىدۇر؟

كەتمىگەي ئارماندا ئۆتكۈر كۆزدە قانلىق ياش بىلەن،
يىرتقىلى تۈن پەردىسىنى تاڭ زىياسى يوقمىدۇر؟
1949-يىل.

خەجلە، خائىنلارەي، خەجلە

خەجلە، خائىنلارەي، خەجلە، بۇئەلنىڭ مالىنى خەجلە،
يېتىشمەي قالسىلەر ئۇ ھەم ئېلىپ جانىنى خەجلە.

خېنىمغا ئوسما دەپ خەجلە، بېگىمگە تاسما دەپ خەجلە،
تالان-تاراجىدىن قالغان پارچە نانىنى خەجلە.

دېھقانغا ئاچقۇزۇپ بوزنى، دۇكانغا توقۇتۇپ بۆزنى،
سېلىپ ئالۋاننى يۈز قاتلام، ئىچىپ سەن قانىنى خەجلە.

كۆلدە بېلىقى كۆپ دەپ، يەر ئاستى بايلىقى كۆپ دەپ،
قەدەمدە مىڭ تېپىپ ھىيلە، ئېچىپ سەن كانىنى خەقلە.

پالانى ئاقچىدۇر-كۆكچى، بۇ ئۆتكۈرمۇ يامان دوقچى،

دەپ پارچىلاپ بۇ مىللەتنى، سېتۇپ ۋىجدانىنى خەجلە.

1949-يىلى يازغان

مۇزلىغان شەھەر

مۇزلۇق كوچىنىڭ تاملىرى قىيسىق،

مەھزۇن شەھەرنىڭ دەملىرى سىقىق.

بۇلۇڭ- پۇچقاقنى قويماي چارلىدى-

قىشنىڭ ساقچىسى چېلىپ ئىسقىرىق.

كۈننىڭ ئەسىرى يوق، ھاۋا تۇمانلىق،

يەرلەر تىترىشۇر، مۇزلىغان جانلىق.

ھەر نە شاتلىقتىن جۇدادۇر ھايات،

ئاڭلىنۇر ھەر ئۇن مۇڭلۇق، پىغانلىق.

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،

ھاياتنىڭ دېمى سىقىق ۋە ئۈزۈك.

مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىللار،
ئاچچىق ئۇن بىلەن چالاتتى گۇدۇك.

تۇرغۇن تۇۋىدە يىرتىق كۆن ئۆتۈك،
چورۇق تىترەيدۇ تاپىنى تۆشۈك.
مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سېرىق،
قوللار سۇنۇلغان، بويۇنلار بۈكۈك.

دوقمۇش-دوقمۇشتا چولاق كەتمەنلەر،
دۇغدىيىشىپ يۇرگەن يىرتىق چەكمەنلەر.
پارچە نانغا زار، تىلىققان كۆزلەر،
چەرخلىرى سۇنۇق يەمسىز تۈگمەنلەر.

مۇزلامىش شەھەر، مۇزلامىش ھېسار،
قۇۋۋۇقلار سۇنۇق، كونا بىر مازار.
شەھەر ئۇستىدە لالما بولۇتلار،
ئوزۇق ئىزلىشىپ قىلىدۇ شىكار.

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۇرۇك،
ھاياتىنىڭ يىپى ئۇلاق يا ئۈزۈك.
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىللاپ
ئاچچىق ۋارقىراپ چالىدۇ گۇدۇك.

1946-يىلى 5-دېكابىر

ئۈچراشقاندا

سەھەر كۆرگەن چېغىم كۆزۈم سۇلتانىنى،
دېدىم سۇلتانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
كۆزلىرى يالقۇنلۇق، قوللىرى خېنىلىق،
دېدىم چولپانمۇ سەن؟ دېدى ئۇ ياق - ياق.

دېدىم ئىسمىڭ نېمە؟ دېدى ئايخاندۇر،
دېدىم يۇرتۇڭ قەيەر؟ دېدى تۇرپاندۇر،
دېدىم باشىڭدىكى؟ دېدى ھىجراندۇر،
دېدىم ھەيرانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.

دېدىم ئايغا ئوخشاش يۈزۈممۇ؟
دېدىم يۇلتۇز كەبى، دېدى كۆزۈممۇ؟
دېدىم يالقۇن ساچار، دېدى سۆزۈممۇ؟
دېدىم ۋولقانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق -ياق.

دېدىم قىياق نەدىن؟ دېدى قاشىمدىن،
دېدىم قۇندۇز نەدۇر؟ دېدى ساچىمدۇر.
دېدىم ئون بەش نەدۇر؟ دېدى ياشىمدۇر،
دېدىم جانانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.

دېدىم دېڭىز نەدۇر؟ دېدى قەلبىمدۇر،

دېدىم رەنا نەدۇر؟ دېدى لېۋىمدۇر.

دېدىم شېكەر نەدۇر؟ دېدى تىلىمدۇر،

دېدىم بىر ئاغزىمە؟ ئۇ دېدى ياق-ياق

دېدىم زەنجىر تۇرار، دېدى بوينۇمدا،

دېدىم ئۆلۈم باردۇر، دېدى يولۇمدا،

دېدىم بىلەيزۈكچۇ؟ دېدى قولۇمدا،

دېدىم قورقارمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.

ېدىم نېچۈن قورقماسسەن؟ دېدى تەڭرىم بار،

دېدىم يەنىچۇ؟ دېدى خەلقىم بار.

دېدىم يەنە يوقمۇ؟ دېدى روھۇم بار،

دېدىم سۈكرانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.

دېدىم ئىستەك نەدۇر؟ دېدى گۆلۈمدۇر،

دېدىم چېلىشماقۇ؟ دېدى يولۇمدۇر.

دېدىم ئۆتكۈر نېمەڭكەن؟ دېدى قولۇمدۇر،

دېدىم ساتارمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق - ياق...

1947-يىلى 8-مارت ئۈرۈمچى

# چىللاڭ خورىزىم ، چىللاڭ

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

نىم دېگەن ئۇزۇن كېچە، ئەجەبمۇ تاڭ ئاتماي قالدى،
چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، تاڭغا قاراپ كۆزىم تالدى.

چىللاڭ خورىزىم ، چىللاڭ، ئۇخلاق جاھانىم ئويغانسۇن،
مېنى تاشلاپ ئۇخلىغان گۈلى رەيھانىم ئويغانسۇن.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، يارنى چىللاپ ئويغىتىڭ،
يۈزىگە قانات يېيىپ، ئاستا سىيپاپ ئويغىتىڭ.

ئاچسا يارىم كىرپىكىنى يەنە ئۇيقۇ باسمىسۇن،
ئۇيقۇ بىرلە مەن غېرىپنى مەڭگۇ تاشلاپ ئەتمىسۇن.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، تاڭ ئاتىدۇ دەپ چىللاڭ،
تاڭ ئالدىدا يارىڭىز سىزنى كۈتىدۇ دەپ چىللاڭ.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، چىللاڭ ئۇ گۈلۈستانغا،
يارىم ئويغانسا خەۋەر بېرىڭ مەن باغرى قانغا.

tatar_oghli

## تاماكا بايان

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)

توسما مېنى يار، چېكەي بىر نەپەس،
ئۆرگۈلىدى پەلەك، تاماكا بايان:
ئەمەستى ماڭا چېكىش بىر ھەۋەس،
كۆيىدۇ يۈرەك، تاماكا بايان.

يانار تاغ ئىچى بولغاچقا يالقۇن،
دائىم ئۈستىدىن كەتمەيدۇ تۈتۈن.
ھەيران قالمىغىن چىقسا ئاغزىمدىن
كۆككۈچ چەمبىرەك، تاماكا بايان.

بىلىمەن دىلدار، يۈتمەن زەھەر،
تېگەر ھەر سائەت يۈرەككە نەشتەر.
ۋە لېكىن شۇنى ئىستەيدۇ كۆڭۈل،
ئەمەسمەن گۆدەك، تاماكا بايان.

سارغايدى دېمە رەڭگىمنى جانان،
نىكۈتىن ئەمەس مېنى سارغايتقان.
بېغىمنى كەچ كۈز بورىنى باسسا،
سولمامدۇ چېچەك، تاماكا بايان.

قاچانكى باقسام غەمكىن يۈزۈڭگە،
ئاچچىق ياشلىرىم تولۇر كۆزۈمگە.
قايغۇ-ئەلەمنى باسمىش دەيدۇ،
شۇ كۆكۈچ تۈتەك، تاماكا بايان.

توسما مېنى يار، چېكەي بىر نەپەس،
چەكمەي دېسەممۇ، بۇ مەيلىم ئەمەس.
مەيلى ئەمەسمۇ شۇ زەھەر بىلەن،
سەگىسە يۈرەك، تاماكا بايان.

1948 ـ يىل 12 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى.

musapir

ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس

ھىدايەتنامە

ئۆمۈر مەنزىلىدىن تىنماي ئىزلىدىم مەن ھەقىقەتنى،
تەپەككۇر بولدى بىر ھادى تېپىشتا چىن ھىدايەتنى،
تىلەپ ھەر سۆزگە باي مەنە يەنە جانلىق پاساھەتنى،
دىلىم ئىستەيتى ئىزھارغا ھەمىشە مەقبۇل پۈرسەتنى.
كېلىڭ ئەي دوستلىرىم ئەمدى خۇشال باشلايلى سۆھبەتنى.

سۆزۈمنىڭ باشى بىسمىللاھ بۇ مۆمىنلىك ۋەزىپەمدۇر،
سانا يۇ ھەمدىلەر ئېيتسام تۇمەن مىڭنى يەنە كەمدۇر،
قۇرۇق، تۇزسىز ئىبادەتتىن ئەمەل ئەۋزەل، ئەقىدەمدۇر،
بۇ دەۋايىمغا بورھانىم مۇشۇ يازمىش قەسىدەمدۇر.
تىلەيمەن رەببىم اللا دىن قۇلۇمغا كۈچ ۋە قۇۋۋەتنى،

تەئەجۇپ ئەيلىشەر بەلكىم بىراۋلەر بۇقەسىدەمدىن.
ئەجەپلەنمەس ئىدى ئىچسە ئەگەر بىر قەترە چەشمەمدىن.
ئېزىقتىم مەنمۇ بىر چاغلار ناگاھ تەۋرەپ ئەقىدەمدىن،
شۈكرىكىم رەھنامە تاپتى كۆڭۈل سۇلتانى تەۋبەمدىن.
ئىلاھا ئەيلىگىل مەڭگۇ، ماڭا بۇ بەختۇ-ئامەتنى.

تۇغۇلغاچ ئىككى مۆئمىنىدىن ئۇتۇپ ئەللىكتە سەككىز يىل،
يەكۈنلەش سائىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايىدىل.
نەزەر سالسام بېسىپ ئۆتكەن يۇلۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كۆز ياشلىرىم گويا بولۇپ ئىرىتىش ۋە ياكى نىل.
جاھاندا چەكمىگەي ھېچكىم مىنىڭدەك كۆپ نادامەتنى

سەھەردە ھەمدىلەر ئېيتار ئۇچار قۇشلارمۇ ھەر دەمدە،
نېمىشقا بولمىسۇن بىر ھېس تىرىك پەرزەنتى ئادەمدە.
ۋەھالەنكى ئادا بولماي ھېسابسىز قەرز بۇ زىممەمدە،
ھامان قايناپدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمانلار بۇ قەلبىمدە،
ئۆمۈرنى زايە قىلماقلار ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

باھار يامغۇرلىرى ھەرتاڭ يۇيار ھەم ياشنىتار تاغنى،
ئېرىقلار بىرلە كەلگەن سۇمۇ ھەتتا گۈللىتەر باغنى.
مۇيەسسەر قىلسا مەقسىتىم مۇراتقا يولنى ئاچماقنى،
ئېرىتسە ھېچ ئەجەپمەسكىم كۆزۈمنىڭ ياشلىرى داغنى.
ئاتا قىلسا ئىلاھىم خەزىنەسىدىن قەترە رەھمەتنى.

سىراتەل مۇستەقىم تاپماق ئەگەر بولسا نەسىبەمدە.
نادامەت داغلىرى قالماس ئىدى مەھزۇن بۇ سىنەمدە،
ئۈمىدىم بىر بېقىپ ئىقبال كۈلۈپ تەلەي پىشانەمدە.
جاراڭلاپ كەتسە قەلبىمنىڭ ساداسى بۇ قەسىدەمدە.
نېسىپ ئەيلەپ ياراتقان زات ماڭا بەختۇ- سائادەتنى.

خىيالىم دېڭىزى تىنماي چايقىلىپ ھەمىشە قايناق،
كىچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق.
قۇلۇم يەتمەيدىغان شاخقا ئېسىلدىم شۇنچىلىك مۇشتاق،
ئىلاھىم ئۆزى يار بولغاي ئۈمىدىمگە يەنە جىقراق.
ئاسان ئەيلەپ بۇ مەنزىلدە ماڭا ئۇچرار مۇشاقەتنى.

پىكىر دەرياسىگە قانچە تىرەن چۆمگەنسىرى ھەر تۈن،
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى، تارقىدى ئەپسۇن.
ھاياتىم گەرچە پۇشمانلىق دىلىمدۇر ناتىۋان مەھزۇن،
ۋە لېكىن جان كىتابىگە قۇشۇلدى تۈمەن مىڭ مەزمۇن.
يېقىن كەلتۈرمە ئى رەببىم! كۆڭۈلگە ئەمدى غەپلەتنى.

تەپەككۇر كۆز بىلەن باقسا كىشى ئالەمگە بىر مەررە.
ئەمەستۇر خالى ھىكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە.
ئادەمزات يۇكسىلىپ گەرچە ئاتومدىن تاپتى مول زەررە،
ۋە لېكىن بىپايان سىر دېڭىزىدىن بۇ تېخى ئازغىنە قەترە.
ئىلاھا قىل كەرەم كۆپرەك بىلەيلى سىرۇ-ھىكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسىرى ئىنسان خەزىنەڭ سىرىنى كۆپرەك،
كۆڭۈل رۇشەنلىشىپ ئاندىن تونار ئۆز زاتىنى خوپراق.
مىسال: قارىغۇ نىچۇك بىلسۇن، قۇياش قانداغۇ ئاي قانداق،
بىلۇر ئەمما گۆدەك ھەتتا نىچۇكدۇر گۈل نېچۇك ياپراق.
دېمەككى مەرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلى -پاراسەتنى.

تۇمەن مىڭ يىل داۋامىدا ئۆتۈپ سانسىز ئاقىل ـ دانىش،
ھايات سىرىنى بىلمەكنى قىلىشتى ئارزۇ ھەم خاھىش.
بىراۋلەر قىلسىمۇ كۇچەپ خۇداسىزلىقنى پەرمايىش،
ۋە لېكىن ئەكسىرى مۇتلەق ئېلىپ مەيداندا ئەزمايىش.
ئاخىرى ئېتىراپ قىلدى ئۇلۇغ بىر روھى قۇدرەتنى.

مىسال: بىر قەترىدىن ئادەم بىنا بولغاننى ئويلاپباق،
ئانا قارنىدا بۇ جايغا ھاۋا بولغاننى ئويلاپ باق.
تۇغۇلماق سائىتى يەتسە ئانا بولغاننى ئويلاپ باق،
بۇ مۇشكۇلگە نە قانۇن پانا بولغاننى ئويلاپ باق.
شۇ چاغدا تاپقۇسى قەلبىڭ بىرەر مەنتىقى-پىكرەتنى.

بۇگۈن پەن يۈكسىلىپ شۇنچە قىلۇر پەرۋازىنى ئەركىن،
ۋە ھەتتا ئاي ۋە يۇلتۇزدا يەر ئوغلى ياتقۇسى يالقىن.
بۇڭا ئەۋلادى ئادەمزات ئۇقۇر مىڭ مەدھىيە تەلقىن،
لېكىن ئادەم بىنا قىلماق بۇ ئادەمگە نېچۈك مۇمكىن.
ياراتقان تەڭرىدىن باشقا كىشى تاپماس بۇ قۇدرەتنى.

نېمىشقا ئاياغ ئىككى، كۆز ئىككى، ئېغىز بىردۇر،
يەنە كۆزلەرگە قاش كىرپىك بىنا قىلغان قايسى تەھرىردۇر.
نېمىشقا مىڭ كىشى چىھرى يەنە مىڭ خىلدا تەسۋىردۇر،
قېنى ئېيتىڭچۇ؟ بۇ سىرغا نېچۈك سۆز توغرا تەبىر دۇر.
تەپەككۇر ئاچقۇسى كەڭ يول چۈشەنمەككە بۇ سۈرەتنى.

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەر كىم بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق سوڭرە ئۆلمەكلىك ئاياندۇر ھەممىگە ئايدىن.
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن،
ئېچىلماس سىر بولۇپ كەلدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى ـ دەۋراندىن.
ھەمىشە يىغسىمۇ دۇنيا بۇ سىرغا ھەممە دىققەتنى.

ئۆلۈمگە بىر دەۋا ئىزدەپ جاھاندىن كەتتى كۆپ دەنا،
ۋە لېكىن تاپمىدى ھېچكىم بۇ ئىشتىن زەررىچە مەنە.
ئارىستو ياكى لوقماندەك ھەكىملەرمۇ بىمۇستەسنا،
دېيىشتى ئاخىرى مۇتلەق ئۆلۈغ قۇدرەتكە ئامەننا.
دېمەك مۆمىن ئەمەس بۇزماق بۇ قانۇنى زۆرۈرەتنى.

قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ساما سەير ئېتىپ ھەر كۈن،
مۇئەييەن يول ۋە تەرتىپتە خاتاسىز دەۋر ئىتەر ھەر كۈن.
بۇڭا ھاكىم ئىكەن مۇتلەق ئەجەب بىر مۇنتىزىم قانۇن،
بۇ چەكسىز كائىنات تاپمىش ئاشۇ خىلدا تولا مەزمۇن.
يورۇپ نۇرلانغۇسى قەلبىڭ چۈشەنگەنچە بۇھالەتنى.

ۋە بەلكى بەزىلەر ئېيتار تۈزەلمەكلىك تەبىئەتتۇر،
ۋەھالەنكى تەبىئەت ھەم ئەجەب بىر خىلدا ھەيەتتۇر.
بۇ ئالەم سىرلىرى بىزگە ھۈنۈن بىر ياخشى ئىبىرەتتۇر،
شېغىل تاش ھەر زامان تاشتۇر، زۇمرەتلەر -زۇمرەتتۇر.
تەپەككۇر تاشقىنى يۇتسۇن كۆرەڭ باتىل -جاھالەتنى.

مىسال: پەن -ھۈنەر ئەسىرى قۇرۇپ ھېكمەت دۇكاننى،
ياراتتى ئىپتىخارلىق بۇمۇ ئىجازەتلەر زاماننى.
يەنە ھەم ئاشقۇسى كۆپلەپ بۈيۈك ھىممەت داۋاننى،
لېكىن ئادەم تۈگۈل ھەتتا ئۈنىڭ بىر قەترە قاننى.
ياسالماس ھەر نېچۇك ئالىم قىلىپ تەقلىد بۇ قۇدرەتنى.

ھاياتلىق سىرىغا تەكرار تۇخۇمنى كەلتۈرەي بۇرھان،
تۇخۇسىز ئالۇر ھەر كىم تۇخۇمدىن چۈجىنى ئاسان.
ئەگەرچە يەنە مىڭ ھەسسە تەرەققىي قىلسىمۇ دەۋران،
تۇخۇمنىڭ ئۆزىنى لېكىن ياسالماس بەلكى بۇ ئىنسان.
دېمەك مەخلۇق ھامان مەخلۇق بىلۇر خالىقلا خەلقەتنى.

نەزەر سالساق ئەگەر بۇغداي ۋە ياكى باشقا بىر دانغا،
تېرىپ ئۆستۈرمىسە دېھقان ھوسۇل تولمايدۇ خامانغا.
ئەگەرچە دان ياساش مۇمكىن بولۇپ قالسىدى ئىنسانغا،
زاۋۇتلاردا ياساپ ھەر كۈن پۇلى توختايتتى ئەرزانغا.
دېمەك مەخلۇق ئەمەس قادىر ياراتماققا تەبىئەتنى.

ھاياتلىق سىر لىرى شۇنداق ئاجايىپ كەڭرى دۇنيادۇر،
بىلىپ يەتكەنىمىز تامچە، ئەگەر ئۇ بەھرى دەريادۇر.
كىمكى مەۋجۇدات زاتەن ئۇلۇغ ھېكمەتلەر ئەھيادۇر،
كى تۇپراق بولمىدى كىمىيا مەگەر بولسا ئۇ خۇليادۇر.
ھايات قانۇنى ھەردەمدە قىلۇر تەكرار بۇ ئىبرەتنى.

مىسالنى يەنە يۈز-يۈزلەپ تېپىش مۇشكۇل ئەمەس ھەر ئان
ۋە لېكىن ھەممىدىن ئەلا ئۇلۇغ مۆجىزە دۇر قۇرئان.
خۇسۇسەن بولسا تەپسىرى << سۇرە رەھمان>>.
كۇپايە قىلمىسا كاشكى ئاشۇنچە<< ما تۇكەززىبان>>.
قۇلۇپلۇق بۇ لىمسا قەلبىڭ قوبۇل ئەيلەر بۇ نېمەتنى.

تۇلۇق ئون تۆت ئەسىر ئۆتتى نەقىشلەر بولمىدى سادىر،
نىمىكى دېسە قۇرئاندا بوگۈن دۇنيادا شۇ زاھىر.
بۇنىڭدەك مۆجىزە ئىشىگە نېچۇك مەخلۇق بولۇر قادىر،
ئۇنىڭ تەرىپىگە سۆزنى تاپۇر قايدىن ئەدىب، شائىر.
نېسىپ قىلمايدىكەن تەڭرى ئەگەرتىلغا بالاغەتنى.

ئۆتۈپ بىر مىڭدا تۆت يۈز يىل ھاۋادىسلەر بىلەن بىر-بىر،
بىرەر ئىش قالمىدى شەكلەن ۋە مەنەن بولمىغاي تەغيىر.
بىراۋلار قەسىت بىلەن قۇرئان بېتى قىلسىمۇ تەھرىر،
لېكىن ئۆزگەرمىدى بىر ھەرپ، بىرەر ساكىن ياكى زىر.
چۈشەنمەك نە مۇشكۇلدۇر بۇ مۆجىزە ـ كارامەتنى

پۈتۈن ئۆمرىدە يا مەكتەپ يا ئۇستاز كۆرمىگەن بىر زات،
ئوقۇپ بىر كۈن << ئىقرە بىسمى رەببىكەللەزى >>نى ھايھات.
تېپىپ قۇددۇسى قۇدرەتنىڭ ئۇلۇغ ئەنۋارىدىن ئىرشات،
نەبۇۋەت ئەسرىنىڭ شانلىق تۇغىنى ئەيلىسە بۇ نىيات.
نىچۈكمۇ ئېتىراپ قىلماس ئەقىل مۇنداق ھەقىقەتنى.

ئۇقۇپ كۆرسەڭ بۇتارىخنى ئەجەب بىر ئەسرى ھېكمەتتۇر،
مۇبارەك تەرجىمەھالى تامامى پەزلى ـ خىسلەتتۇر.
رەقىپلەر ئىتىراپىمۇ بۇنڭا ئەلۋەتتە ھۆججەتتۇر،
بۇ زاتنىڭ ئىسمى شەرىپى رەسۇل ئەكرەم مۇھەممەددۇر.
ياراتتى مەڭگۇ ئۆلمەس بىر ئۇلۇغ ئەسىرى سائادەتنى.

نەبۇۋەت تاڭى ئاتماستا ئەرەپنىڭ ھالىنى ئەسلەڭ،
جاھالەت دەستىدىن ئەلنىڭ ئايانچ ئەھۋالىنى ئەسلەڭ.
زالالەت ھەم رەزىللىكنىڭ ياۋۇز ئىمسالىنى ئەسلەڭ،
مىسال: بىر قىز تۇغۇلسا گەر زەبۇن ئىقبالىنى ئەسلەڭ.
يىمىردى نەبۇۋۋەتلا ئەرەپتىن بارچە زۇلمەتنى.

ۋەھىنى بەزىلەر ئىلھام دېيىشتى بىر زامان ھۆكمەن،
ۋەھالەنكى ئۇلۇغ قۇرئان ئەمەستۇر قىسسە يا رومان.
ئۇنى ئىلھام بىلەن ئىجاد قىلىشقا بولسا گەر ئىمكان،
نېمىشقا يازمىدى بىر كىم يەنە ئىككىنچى بىر قۇرئان.
نىچۇكمۇ ئېتىراپ قىلماس كىشى مۇنداق ھەقىقەتنى.

بىراۋلار قىلدىلەر دەۋا، نەبىلىك ئۇستىدە ھەتتا،
تېپىپ مىڭ ھېلە ـ نەيرەڭلەر، ئۆزىنى كۆرسىتىپ تەقۋا.
يېزىپ ئايەتكە تەقلىدلەر، ۋە ھەتتا قىلسىمۇ غوۋغا.
جاھاندىن كەتتىلەر لېكىن، بولۇپ ئالەمگە مىڭ رەسۋا.
تاپالماس چۈنكى باتىللىق، ھەقىقىي شانۇ-شۆھرەتنى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق ئۇلۇق مۆجىزە ئەلۋەتتە،
يەنە قانداق دەلىل لازىم بايان قىلماققا بۇ ھەقتە.
ئەقىل ساھىپلىرى جاندىن ئۆتەر تەستىق، قانائەتتە،
ئەگەرچە ياق دېسە بەزى مۇخالىپلار جاھالەتتە.
ئۆزىگە رەھنامە قىلسۇن ئەدىل، مەردانە پىكرەتنى.

ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس

ئۆمۈر مەنزىلىدە ئىزدەپ غۇبارسىز چىن ھەقىقەتنى،
قەلەندەردەك كېزىپ يۇردۇم چېكىپ مىڭبىر مۇشەققەتنى.
ۋە لېكىن يوق ئىكەن تۈز يول تېپىشتا ئۇشبۇ مەقسەتنى،
تېڭىرقاپ ئۆتتى كۆپ ئۆمرۈم چۈشەنمەي سىرۇ ھېكمەتنى،
ئىشىت دىلبەر، بايان ئەيلەپ ساڭا بۇ ھەقتە سۆھبەتنى.

تۇغۇلغان ئىككى مۆئمىنىدىن، ئۆتۈپ ئەللىكتە سەككىز يىل،
يەكۈنلەش سائىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايىدىل.
نەزەر سالساق بېسىپ ئۆتكەن يولۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كۆز ياشلىرىم گويا بولۇپ ئېرتىش ۋە ياكى نىل،
جاھاندا چەكمىگەي ھېچكىم مېنىڭدەك كۆپ نادامەتنى.

يا ھەققە ئەتمىدىم قۇللۇق، يا ئەلگە قىلمىدىم خىزمەت،
بېغىمغا كۈز يېتىپ كەلدى، قولۇمدىن كەتتى كۆپ پۇرسەت،
ھەمىشە ئۆرتىبان دىلنى يېلىنجاپ بىر ئەلەم ـ ھەسرەت،
ئازابلاپ كېچەيۇ ـ كۈندۈز قىلۇر جانىمنى بىتاقەت،
راۋادۇر قانچىلىك قىلسام ئۆزۈمگە دوق مالامەتنى.

ئانا يۇرتۇم بېرىپ ئاق سۈت، بېقىپ ئۆستۈردى مىڭ ئاسراپ،
ئاۋايلاپ مايسىدەك ھەر تاڭ چېچىپ باشىمغا زەر ئاپتاپ،
بېرىپ تىل ھەم ئەقىل ـ ئىدراك، قاتارغا قوشتى يول باشلاپ،
قاناتى ئاستىغا ئالدى ئېغىر كۈنلەردە مىڭ ـ مىڭلاپ،
نىچۈكمۇ ياندۇرارمەن بۇ ئانىلىق مېھىر ـ شەپقەتنى.

باھارنى كۈيلىشەر قۇشلار چېغىدا ھەر سەھەر دەمدە،
نېمىشقا بولمىسۇن بىر ھېس تىرىك پەرزەنتى - ئادەمدە،
ۋەھالەنكى، ئادا بولماي ھېسابسىز قەرز بۇ زىممىدە،
ھامان قايىنايدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمان ئابى دىدەمدە،
ئۆۋرنى زايە قىلما سەن، ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

خىيالىم دېڭىزى تىنماي تېشىپ مىڭ چايقىلىپ قايناپ،
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق.
چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق،
ئۆمۈردۇر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس بۇ بىزگە ئاۋۇنچاق،
يۇلاتما ئەي كۆڭۈل ئەمدى ئۆزۈڭگە زەررە غەپلەتنى.

پىكىر دەرياسىگە قانچە تىرەن چۆمگەنسىرى ھەر تۈن،
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى، تارقىدى ئەپسۇس.
ھاياتىم گەرچە پۇشماقلىق دىلىمدۇر ناتىۋان مەھزۇن،
ۋە لېكىن جان كىتابىگە قوشۇلدى تۈمەن مىڭ مەزمۇن.
شۈكۈر كىم، قوغلىدى مەڭگۈ يورۇق تاڭ قارا زۇلمەتنى.

تەپەككۇر كۆزىلە باقساڭ ئەگەر ئالەمگە بىر مەررە،
ئەمەستۇر خالى ھىكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە.
چۈمۈلە چېغىدا تىنماي تاپۇر ئۆز ئەجرىدىن مەررە،
كىشىكىم بىلسە بۇ بەلكى غەزىنە سىرىدىن زەررە،
پىكىر قىل ھەم چۈشەن، ئۆگەن بۇ جانلىق سىرى ـ ھىكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسىرى ئىنسان ھاياتنىڭ سىرىنى كۆپرەك،
كۆڭۈل رۇشەنلىشىپ ئاندىن چۈشەنگەي ئۆز زاتىنى خۇپراق.
مىسال: قارىغۇ نىچۈن بىلسۇن، قۇياش قانداقىغۇ ئاي قانداق؟
بىلۇر ئەمما گۆدەك ھەتتا نىچۈكدۇر گۈل نىچۈن ياپراق.
دېمەككى مەرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلى ـ پاراسەتنى.

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەركىم بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق سوڭرە ئۆلمەگلىك ئاياندۇر ھەممىگە ئايدىن.
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن؟
يىشىلمەس بىر تۈگۈن بولدى بۇ ماۋۇ دەۋرى ـ دەۋراندىن.
ھەمىشە يىغسىمۇ دۇنيا بۇ سىرغا ھەممە دىققەتنى.

جاھان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،

مىسالدۇر بۇڭا ئىسكەندەر، ۋە ھەتتا ئەركى چىڭگىزخان.

كېلىپ ـ كەتمەك بىلەن مەشغۇل، جاھانغا بىھېساب كارۋان،

ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت خەلقلا سۇرەر داۋران.

ئۆمۈر مەنزىلىدە تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

. رۇبائىيلار(1)

(ئون يىللىق ئاپەت مەزگىلىدە يېزىلغان)

(1)

قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى.

شامال دارىپ كىكەچ قىلدى تىلىمنى.

قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس پالەچ مەن،

نىمەم بىلەن قىلاي رازى ئېلىمنى؟

(2)

قارا يىللار بۆشۈكىگە تۇغۇلدۇم.

تۇغۇلدۇمىۇ، قەپەز ئىچرە بوغۇلدۇم.

ئۆمرۈم مەنىڭ ھەسرەت بىلەن ئۆتەرمۇ؟

ئەلگە خىزمەت قىلاي دىگەن ئوغۇلتۇم.

(3)

يوق ئىدىم، بىر كىچىدە بار قىلدى مەنى.

بار قىلدىيۇ، جاپاغا دۇچار قىلدى مەنى.

يەتمەسىمىدى شۇ، پەرزەند تاپقىنىم نىمە؟

ساراڭلىقىم تولا گۇناھكار قىلدى مەنى.

(4)

مەنىڭ مەن بولمىقىم ئۆز مەيلىم ئەمەس.

يا ئورۇق - سېمىزلىك تۆپەيلىم ئەمەس.

ئۆز يۇرتتا مۇساپىر، ئۆز يۇرتتا غېرىب

بولمىقىم ھەرگىز ئۆز خۇي - پەيلىم ئەمەس.

(5)

تىرىك دىسەم تىرىكلىكتىن مەنا يوق.

ئۆلەي دىسەم ئۆلمىكىمگە بانا يوق.

كۈندە خىيال، كۈندە تەشۋىش، كۈندە غەم،

دەردىم ئېيتسام دەردكە دەرمان دانا يوق.

(6)

بۇ نىچۇك تۇرمۇشكى ئەمدى، پاك كىشى ئاندىن بىزار.

تەن بىزار جاندىن يەنە جانمۇ ھەم تەندىن بىزار.

كۆڭلۈم ئىستەر مەڭگۈلۈك خىلۋەت ماكان.

ۋاھ ئەجىبكىم! دىلمۇ بۇ جاندىن بىزار.

(7)

ئىلمىڭ بولدى نىمەيۇ، ئەقلىڭ نىمە؟

ئادىمىلىك خىسلىتىڭ، پەزلىڭ نىمە؟

باقمىسا دەۋران ساڭا كۈلمەس گۈلۈڭ.

قانچىلىك سىڭگەن بىلەن ئەجرىڭ نىمە.

(8)

قارىۇنغا خەزىنەيۇ، ئەيساغا ئېشەك.

چىۋىنگە قەنت ـ شىكەر، ھۇماغا سۆڭەك.

نىمە بۇ بۇنچىلىك بىدادلىق، سىتەم؟

قاچانمۇ تۈزىلەر رەپتارى پەلەك؟

(9)

تۆرەلمەكلىك مەنىڭ ئۆز ئىشىممىدۇر؟

تۇغۇلماقلىق مەنىڭ خاھىشىممىدۇر؟

ئانامنىڭ قارنىغا سىغقان ئىدىمكى،

جاھانغا سىغمىغان شۇ بېشىممىدۇر؟

(10)

ئۈمىد پەرقلەندۈرەر بىزنى شەيتاندىن،

ئۈمىدسىز ـ شەيتان ئىمىش بىنەسىپ جاندىن.

مەڭگۈلۈك زۇلمەتتە قالماس بۇ ۋەتەن.

ئۈمىدىنى ئۈزمىگىن سەن سۇبھى تاڭدىن.

رۇبائىيلار(2)

(1)

قاياشتۇر ئاي بىلەن قۇياش ئۆمۈربات.

قۇياشسىز قالسا ئاي بولۇر زۇلۇمات.

ھاياتىم بۆشۈكى شۇ ئانا ۋەتەن،

ۋەتەنسىز نە قىلسۇن بۇ تەندە ھايات؟

(2)

ئۆستۈردى قوينىدا مېنى شۇ تۇپراق،

ئۆلسەممۇ ماڭا ئۇ بولغۇسى يۇمشاق.

شۇ ۋەتەن ئىشقىدىن ئۇلۇغ نېمە بار،

سىغمايدۇ كۆڭلۈمگە بۆلەك ئىشتىياق.

(3)

مەجنۇن تال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،

سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلىدۇ تەزىم.

سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا

بۇرچىمىز قانچىلىك ئويلايلى دائىم!

(4)

ھەر قانچە ئىگىزدە قوش پەرۋاز قىلار،

ئوزۇغى، ئۇۋىسى يەر ئۈزرە بولار.

يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،

پۇتلىرىڭ ھامان شۇ تۇپراقتا تۇرار.

(5)

ئانا سۈتى ئاقارتقاي دىلىڭنى سېنىڭ،

مەرىپەت يورۇتقاي يولۇڭنى سېنىڭ.

ۋەتەنگە مۇھەببەت كۈچ - ئۈمىد بېرىپ،

پەلەككە يەتكۈزگەي قولۇڭنى سېنىڭ.

(6)

تاھىرغا ئۆزىنىڭ زوھراسى ياخشى،

مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى.

مېنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىمغا،

ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

(7)

جاھاندا ئىككى نەرسە مەڭگۈ ئۆلمەس.

بىرى خەلق، بىرى «ھەق ئىگىلەر سۇنماس»

بۇلۇت گەرچە توسار بەزىدە قۇياشنى،

قۇياش ئۆچمەس، يۈزىگە توزان قونماس.

(8)

چىۋىنىنىڭ قانىتى ئاينى ياپالماس.

چۇمۇلە ھارۋىنى يولدىن توسالماس.

ئالقانچە يەردىكى قۇياش نۇرىنى

مىڭ ھارۋا توپىمۇ ھەرگىز كۆمەلمەس.

(9)

باھار كەتسە توزار گۈلشەندە غۇنچە،

تىرىكنىڭ قەدرىمۇ كۆز يۇمۇلغۇنچە.

لېكىن ئۆلمەس كىشىلەر ھەم بار جاھاندا،
قۇياشنىڭ ئۆمرى قانچە، ياشار شۇنچە.

(10)

ئاقار دەريا يۈزىمۇ قىشتا مۇزلار،
قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.
ئۇلۇغ غەيە بىلەن سوغۇرۇلسا دىل،
ئۇنىڭدا ھەمىشە تۆت پەسىل باھار.

(11)

بىراۋلار ئەلگە قىلدى جاننى قۇربان،
بىراۋلار تەر بىلەن گۈللەتتى بوستان.
ئالار قۇش تۈلكىنى ئۇنىسىز- تاۋۇشسىز،
قاقاقلار بىر تۇخۇم تۇققانغا مىكىيان.

(12)

كىشىكىم مەيلى شاھ، مەيلى گادادۇر
ۋە مەيلى دانىشمەن، مەيلى سىپاھدۇر.
دېگىزدىن تامچە بىز ھەرقاندىقىمىز.
ئادەمزات تارىخى بۇڭا گۇۋاھتۇر.

(13)

مېنى باغدىن ئەمەس چۆلدىن ئىزلەڭلار،
ۋە يا باغراش دېگەن كۆلدىن ئىزلەڭلار؛
ئۇنىڭدىن ياخشىسى ئۇزۇن سەپەردە-
يېقىلغان گۈلخاندىكى كۈلدىن ئىزلەڭلار.

(14)

چېچىپ نۇر قوغلايدۇ زۇلمەتنى گۈلخان.

ئۆزى كۈل بولۇپ دەشتتە قالار بىنىشان.

نە يەڭلىغ ئۇلۇغۋار ئۇنىڭ غايىسى.

بولالىسام كاشكى شۇ گۈلخانىسىمان.

(15)

بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما،

لاچىن ئېيتۇر: قاناتىمنى قايرىما.

مەن ئېيتۇرمەن: بېلىق سۇسىز نە قىلغاي،

مېنى خەلقىم قۇچاغىدىن ئايرىما.

(16)

ئۆمۈرنىڭ تولىسى ئۆتتى مەنىسىز.

قاراڭغۇ شولىدەك ئۇنىسىز، شولىسىز.

قىراۋ باستى باش ۋە ساقالنى تەڭلا،

ئەمدى قالارمۇ مەندىن بىرەر ئۆچمەس ئىز؟

(17)

ئالدىمدا بىپايان ۋادىلار، باغلار.

ئارقامدا ئاسمانغا تۇتاشقان تاغلار.

تىزلەتسەم قەدەمنى نە بەخت ئىدى؟

دەريغا، كەلمەس ئۇ نەۋقىران چاغلار.

(18)

شادلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك ئىمىش،

مۆلدۈرگە باھارۇ-كۈز بىردەك ئىمىش.

ئۇتتۇقتا يوق دېمە ئوڭۇشسىزلىقنى،

كىشىلىك ھاياتى شۇ دېمەك ئىمىش.

(19)

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،

ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزىڭ قالار.

يا ماختان، يا ئۆكۈن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى،

ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

(20)

ئالتۇن جام ئىچرە مەي قوزغاتسا ھەۋەس،

گۈزەلنىڭ كۆزلىرى سېنى قىلسا مەست.

كۈنۈڭ ئۆتسە ئالقىش- ماختاشلار ئارا،

ئاگاھ بول، ھاياتىنىڭ بۇ ئۆزى ئەمەس!

(21)

قارىغاينىڭ كۆكلىگى ئۈنىڭ زىننىتى،

تۈزلىگى ئۈنىڭكى قەدىر - قىممىتى.

ھەر كىشى قارىغايدەك بولالىسا تۈز،

ئەل ئىچرە ساقلىنار ئىززەت | ھۆرمىتى.

(22)

ئەل غېمى، شاتلىغى ئىلھامغا بۇلاق،
ئۇنىڭسىز شېئىردا بولماس خوشپۇراق.
كۆر، ئالتۇن قاچىغا چىلانسىمۇ گۈل.
سولىشىپ كېتەر تېز بولمىغاچ تۇپراق.

(23)

ئەل ئۈچۈن يۇگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياغا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ چېكەرسەن ئەلەم.

(24)

شۆھرەت كەمىرىگە ئۇزاتقىچە قول،
ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئارغامچىسى بول.
تاجدارلار تاجىنىڭ كۆزى بولغۇچە،
كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول.

(25)

شېئىر يازماق ئاسان، ھەق سۆزلىمەك تەس.
شائىرغا ھېرىس ـ تاما بولمىغاي ھەۋەس.
يازغاننى قەدىرلە ئاۋۋال سەن ئۆزۈڭ،
سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

(26)

بىلىمدۇر يۇگەنسىز بىر ئۇچقۇر تۇلپار.

مىنەلىگەن كىشى مۇرادقا يېتەر.

ئۇ شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىدۇركى،

قارا تاش ئۇستىگە تىرىساڭ ئۇنەر.

(27)

كىشى ھەر نەرسىنى بىلمەككە ماھىر.

بىلىپ بولماققا لىكىن ئۇ ئەمەس قادىر.

ئارىستودەك ھەكىممۇ ئېيتقان ئىدىكى:

«بىلگەنىسىرى بىلدىم بىلمەسلىكنى ئاخىر»

(28)

قەددىڭنى پۈكۈپ سەن قىلمىغۇنچە با،

ئاقمىسا تەرىڭدىن ۋە ياكى دەريا،

ئۇندەككە كەلمەيدۇ بىلىمنىڭ قۇشى،

قەلبىڭدە گەر بولسا تېرىقچە رىيا.

(29)

بىلىم ئۇ، خۇددى چىن سۆيگۈ مىسالى،

پەرھاتقىلا مەنسۇپ شېرىن ۋىسالى؛

كىمكى ساختىلىق قىلسا خىسراۋدەك،

ۋىسالغا ئېرىشمەك ئۇنىڭ خىيالى.

(30)

سايلام بىلەن كىشى تۆرگە چىققان بار.

دۆلەت قۇشى قونسا ئەمەل تۇتقان بار.

ۋەلىكىن ئالىملىق مەرتىۋىسىنى

رىيازەت چەكمەستىن قاچان تاپقان بار؟

(31)

ئۆتنە - يېرىم قىلماق تۇرمۇشتا بار ئىش.

بىلىمنى ئۆتنىگە ئالماقلىق خار ئىش.

بىراۋنىڭ تونىدا تەرلەيمەن دېيىش

ۋىجدانلىق كىشىگە بىر ئۆمۈر ئار ئىش.

(32)

بىلمەكتىن مۇرات - نام - شۆھرەت ئەمەستۇر،

شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.

بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساڭ،

ھوسۇلى ئەلگە بولسا، ئۇشبۇ بەستۇر.

(33)

ئالدىڭدا يېقىملىق شام - چىراققا باق،

كېچىنى قىلدۇ كۈندۈزدەك ئاپئاق.

تەپەككۇر كۆزلە ئۇنى بىر كۆزەت،

ئۆزىچۇن يانامدۇ ئۇشبۇ شام - چىراغ.

(34)

ماڭلايدىن ئاقمىسا تارام - تارام تەر.

كۆكەرمەس ھىچقاچان باھاردىمۇ يەر.

بىلىم مەنزىلىمۇ تاشلىق، داۋانلىق،

نىچۈن ئالغاي مىدال جەڭدىن قاچقان ئەر؟

(35)

گەر نادان ئۈگەتسە ساڭا ئەقىل - ئىش.

كۈلۈپ قويغىن ئاڭا سەن قىلما كايىش.

ئېشەكنىڭ بىمەھەل ھاڭراپ تاشلىشى

ئاتوم دەۋرىدىمۇ ئەزەلدىن بار ئىش.

(36)

دۇئا قىلسا ھەر ۋاخ مۆئمىن - مۇسۇلمان

تىلەيدۇ دوزاقتىن بولماقنى ئامان.

ۋەلىكىن دوزاقنىڭ ئۆزى ئېيتارمىش:

«مەن ئۆزۈم قورقىمەن ناداندىن يامان.»

(37)

يولۇڭ بولسا توغرا مەردانە بولغىن.

ھەقىقەت شامىغا پەرۋانە بولغىن.

«ئېشىڭ بولسا ھالال تۆت كوچىدا ئىچ»

دەيدۇ ئەل. ھەق ئۈچۈن قۇربانە بولغىن.

(38)

كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،

جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.

مۇبادا رەشك ـ ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسرىغىمۇ ئاران سىغىدۇ.

(39)

ئاسمانغا نەزەر سال، يۇلتۇز بىساناق،
ئۇسۇشمەي ئۆتىدۇ ئەزەلدىن ئىناق.
جاھان كەڭرى، دوستۇم، يېتەر ھەممىگە،
ئادەمگە ياراشماس سۆڭەك تالاشماق.

(40)

كۆپەيسە دۇشمىنىڭ سەن بولما غەمناك.
بېرىدۇ ئۇ ساڭا ئەقىل ھەم ئىدراك.
ئەگەردە چاقمىسا ئادەمنى يىلان،
نەدىن تېپىلاتتى دورايى تەرياك؟

(41)

ئۇنىكىم، دوست دىمە راھەتتە ئىناق.
ئايرىلسا غۇربەتتە سىنىڭدىن يىراق.
سايەڭگە نەزەر سال تەپەككۇر بىلەن،
يورۇقتا بىللەدۇر، زۇلمەتتە يىراق.

(42)

ئۇنىكىم، دوست دىمە غەيۋەتكە ماھىر.
سىنى ھەم قويۇمىغاي بىر چەتتە ئاخىر.
مىسال شۇكى: چايانغا بەرى ئوخشاش،
قېرى ـ ياش ھەم بوۋاق، دانىش، ئاكابىر.

(43)

ئۈنىكىم، دوست دېمە ھەر كۈندە ۋەدە.

بۈگۈننىڭ ئەتىسىمۇ يەنە ئەتە.

مىسالى چۆلدىكى ۋىلىۋىلگە ئوخشار.

ئۈنى قوغلاپ يېتىشمەك ساڭا نەدە؟

(44)

ئۈنىكىم، دوست دېمە، ھەم ساڭا يولداش.

رەقىبىڭ بىرلە ھەم ئۇ بولسا مۇڭداش.

مىسال شۇكى؛ نىمە دەر خەلقى ئالەم،

ئەگەردە ئىككى يار تۇتسا قەلەمقاش؟

(45)

نىچۈن ئوتقا ئۇرار ئۆزىنى پەرۋانە؟

نىچۈن شام ئاققۇزار كۆزدىن دۇردانە؟

نە بىلسۇن ھاياتنىڭ بۇ سىرلىرىنى

تۇرمۇشنى تەرك ئەتكەن زاھىد مەستانە؟

(46)

يالغانچىنىڭ تىلى چېچەكسىز پىلەك.

چېچەكسىز پىلەكتە بولامدۇ خەمەك؟

ئۇزارغانسىرى ئۇ ئۆز ئىگىسىنى

بوغىدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبىرەك.

(47)

ئالتۇن ھەل يالاتساڭ كېسەكتۇر كىسەك.
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ تىزەكلەر ئېشەك.
كۆرۈمسىز شۇ پىلە قۇرۇتىغا باق،
يەپ ئاددىي يوپۇرماق بېرىدۇ يىپەك.

(48)

بۇيۇك تاغنى تالقان قىلسىمۇ گەر
ئۆزىگە تەمەننا قويماس يىگىت ـ ئەر.
كۆر پىلە قۇرۇتى چېغىدا ھەر يىل
بەرسىمۇ غوزىنى بىمىننەت ئۆلەر.

(49)

قېرىماس نەرسە يوق جاھاندا پەقەت.
قۇياشمۇ قېرىيدۇ ھەتتا ھەر سائەت.
ۋەلىكىن بۇنىڭمۇ مۇستەسناسى بار،
ئۇنىڭكى نامىدۇر سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.

(50)

ئەزىم دەريا ئاقار شاۋقۇن ـ سۇرەنسىز.
نى ئەرلەر قالدى چۆل ـ دەشتتە كېپەنسىز.
نە ھاجەت كۆرەڭلەش بىزگە ئەي دوستۇم!
ئايلىنار يەر شارى سەنسىزمۇ ـ مەنسىز.

(51)

نى ئەرلەر كەچتى قان، يەنە قان كېچەر.
ئەل بەختى يەنە كۆپ قان ـ تەرنى تىلەر.

قان ۋە تەر ئاققۇزۇپ بولۇپ بىر ئۆستەڭ

قاندۇرساڭ چۆلنى ئەل ئەجرىڭنى بېرەر.

(52)

جاراڭلىق ھەر سادا بولمايدۇ ناخشا.

مۇھەببەت - نەپرەتسىز چىقمايدۇ ناخشا.

ئېشەكمۇ بەزىدە ھاڭرايدۇ قاتتىق.

ئۇنى ئەل ھېچقاچان دېمەيدۇ ناخشا.

(53)

ئەجەب بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دېگەن،

ھەر تەندە ئۇ ھەر خىل ھېس قىلار ئىكەن.

ئەگەر ئۇ ئىچىمىسە ۋىجدان شارابىن،

ئىلغىدا ئېسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.

(54)

بىر زاھىد ئۆتەركەن نامازنى سەھەر.

ئوي - پىكىرەكى جەننەتتىن ھۆرلەرنى ئىزلەر.

شۇ چاغدا بىر دېھقان قوغۇننى كۈچلەپ،

«ئىلاھىم ئوخشىغاي بۇ قوغۇنۇم» دەر.

(55)

سۇۋادان تىرەككە تاش ئاتماس كىشى.

سەۋەپ شۇكى يوقتۇر ئۇنىڭ يىمىشى.

يىمىشلىق دەرەخكە تېگىپ كۆپ تاياق

ھەمىشە يېرىقلىق تۇرىدۇ بېشى.

(56)

ياشلىق ـ ھەر كىشىنىڭ گۈلىستان بېغى.

ھەر تاڭدا بۇلبۇلنىڭ ناۋاكەش چېغى.

بىر قاچا سۈت بولسا بۇ ئۆمۈر دىگەن،

ياشلىقىڭ شۇ سۈتنىڭ قايمىقى، يېغى.

(57)

ياشلىقتۇر ئۆمۈرنىڭ تۇنجى باھارى.

باھارغا باغلىقتۇر بىر يىلنىڭ كارى.

نىمە چاچسا يەرگە باھاردا دىھقان

شۇنىڭ بىرلە توشقاي كۈزدە تاغارى.

(58)

كۆكلەم ـ باھار كەتسە يېنىپ كەلگەن بار.

جاندىن كەچسە ئەگەر يارنى سۆيگەن بار.

ۋەلىكىن نەدىمۇ بىر قىتىم كەتكەن

ياشلىقنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يەتكەن بار؟

(59)

ۋەتەن يادى مېنىڭ سۈبھىگاھىمدۇر،

ئۇ كۈندۈز ئاپتېپىم، تۈندە ماھىمدۇر.

ئەگەرچە ئەيلىسە رەشك مەيلى كەئبە،

ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

(60)

نەزەر سال يىقىلغان گۈلخانغا بىر دەم.
ئۈنىڭ خۇلقى - مىجەزى قانداق مۇكەررەم.
يورۇتقاچ بىپايان چۆللەرنى شۇڭا
ياتار ئۇ كۈل بولۇپ كەتسىمۇ دىلجەم.

ھىدايەتنامە

ئۆمۈر مەنزىلىدىن تىنماي ئىزلىدىم مەن ھەقىقەتنى،
تەپەككۇر بولدى بىر ھادى تېپىشتا چىن ھىدايەتنى،
تىلەپ ھەر سۆزگە باي مەنا يەنە جانلىق پاساھەتنى،
دىلىم ئىستەيتتى ئىزھارغە ھەمىشە مەقبۇل پۈرسەتنى.
كىلىڭ ئەي دوستلىرىم ئەمدى خۇشال باشلايلى سۆھبەتنى.

سۆزۈمنىڭ باشى بسم الله بۇ مۆئمىنلىك ۋەزىپەمدۇر،
سانا يۇ ھەمدىلەر ئېيتسام تۇمەن مىڭنى يەنە كەمدۇر،
قۇرۇق، تۇزسىز ئىبادەتتىن ئەمەل ئەۋزەل، ئەقىدەمدۇر،
بۇ دەۋايىمغا بورھانىم مۇشۇ يازمىش قەسىدەمدۇر..
تىلەيمەن رەببىم ئاللۆھتىن قۇلۇمغا كۈچ ۋە قۇۋۋەتنى،

تەئەجۇپ ئەيلىشەر بەلكىم بىراۋلەر بۇقەسىدەمدىن.
ئەجەپلەنمەس ئىدى ئىچسە ئەگەر بىر قەترە چەشمەمدىن.
ئېرىقتىم مەنمۇ بىر چاغلار ناگاھ تەۋرەپ ئەقىدەمدىن،

شۈكرىكىم رەھنامە تاپتى كۈڭۈل سۇلتانى تەۋبەمدىن.
ئىلاھا ئەيلىگىل مەڭگۈ، ماڭا بۇ بەختۇ-ئامەتنى.

تۇغۇلغاچ ئىككى مۆئمىندىن ئۇتۇپ ئەللىكتە سەككىز يىل،
يەكۈنلەش سائىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايىدىل.
نەزەر سالسام بېسىپ ئۆتكەن يۇلۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كۆز ياشلىرىم گويا بۇلۇپ ئىرىتىش ۋە ياكى نىل.
جاھاندا چەكمىگەي ھېچكىم مىنىڭدەك كۆپ نادانەتنى.

سەھەردە ھەمدىلەر ئېيتار ئۇچار قۇشلارمۇ ھەر دەمدە،
نىمىشقا بولمىسۇن بىر ھىس تىرىك پەرزەنتى ئادەمدە.
ۋاھالەنكى ئادا بولماي ھىساپسىز قەرىز بۇ زىممەمدە،
ھامان قايىنايدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمانلار بۇ قەلبىمدە،
ئۆمۈرنى زايە قىلماڭلار ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

باھار يامغۇرلىرى ھەرتاڭ يۇيار ھەم ياشنىتار تاغنى،
ئېرىقلار بىرلە كەلگەن سۇمۇ ھەتتا گۈللىتەر باغنى.
مۇيەسسەر قىلسا مەقسىدىم مۇراتقا يولنى ئاچماقنى،
ئېرىتسە ھېچ ئەجەپمەسكىم كۆزۈمنىڭ ياشلىرى داغنى.
ئاتا قىلسا ئىلاھىم خەزىنەسىدىن قەترە رەھمەتنى.

سىراتەل مۇستەقىم تاپماق ئەگەر بولسا نەسىبەمدە.
نادامەت داغلىرى قالماس ئىدى مەھزۇن بۇ سىنەمدە،
ئۆمۈدۈم بىر بېقىپ ئىقبال كۈلۈپ تەلەي پىشانەمدە.
جاراڭلاپ كەتسە قەلبىمنىڭ ساداسى بۇ قەسىدەمدە.
نىسىپ ئەيلەپ ياراتقان زات ماڭا بەختۇ- سائادەتنى.

خىيالىم دېڭىزى تىنماي چايقىلىپ ھەمىشە قايناق،
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق.
قۇلۇم يەتمەيدىغان شاخقا ئېسىلدىم شۇنچىلىك مۇشتاق،
ئىلاھىم ئۆزى يار بولغاي ئۆمۈدۈمگە يەنە جىقراق.
ئاسان ئەيلەپ بۇ مەنزىلدە ماڭا ئۇچرار مۇشاقەتنى.

پىكىر دەرياسىغە قانچە تىرەن چۆمگەنسىرى ھەر تۈن،
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى، تارقىدى ئەپسۇن.
ھاياتىم گەرچە پۇشمانلىق دىلىمدۇر ناتىۋان مەھزۇن،
ۋە لېكىن جان كىتابىغە قۇشۇلدى تۈمەن مىڭ مەزمۇن.
يىقىن كەلتۈرمە ئى رەببىم! كۆڭۈلگە ئەمدى غەپلەتنى.

تەپەككۇر كۆز بىلەن باقسا كىشى ئالەمگە بىر مەررە.
ئەمەستۇر خالى ھېكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە.

ئادىمىزات يۈكسىلىپ گەرچە ئاتومدىن تاپتى مول زەررە،
ۋە لېكىن بىپايان سىر دېڭىزىدىن بۇ تېخى ئازغىنە قەترە.
ئىلاھا قىل كەرەم كۆپرەك بىلەيلى سىرۇ-ھېكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسىرى ئىنسان خەزىنەڭ سىرىنى كۆپرەك،
كۆڭۈل رۇشەنلىشىپ ئاندىن تونۇر ئۆز زاتىنى خوپراق.
مىسال: قارىغۇ ئىچۈك بىلسۇن، قۇياش قانداغۇ ئاي قانداق،
بىلۇر ئەمما گۇدەك ھەتتا ئىچۈكدۇر گۈل ئىچۈك ياپراق.
دىمەككى مەئرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلى -پاراسەتنى.

تۈمەن مىڭ يىل داۋامىدا ئۆتۈپ سانسىز ئاقىل -دانىش،
ھايات سىرىنى بىلمەكنى قىلىشتى ئارزۇ ھەم خاھىش.
بىراۋلەر قىلسىمۇ كۈچەپ خۇداسىزلىقنى پەرمايىش،
ۋە لېكىن ئەكسىرى مۇتلەق ئېلىپ مەيداندا ئەزمايىش.
ئاخىرى ئېتىراپ قىلدى ئۇلۇغ بىر روھى قۇدرەتنى.

مىسال: بىر قەترىدىن ئادەم بىنا بولغاننى ئويلاپباق،
ئانا قارنىدا بۇ جايغا ھاۋا بولغاننى ئويلۆپ باق.
تۇغۇلماق سائىتى يەتسە ئانا بولغاننى ئويلۆپ باق،
بۇ مۇشكۈلگە نە قانۇن پانا بولغاننى ئويلۆپ باق.
شۇ چاغدا تاپقۇسى قەلبىڭ بىرەر مەنتىقى-پىكرەتنى.

بۇگۈن پەن يۈكسىلىپ شۇنچە قىلىۇر پەرۋازىنى ئەركىن،
ۋە ھەتتا ئاي ۋە يۇلتۇزدا يەر ئوغلى ياتقۇسى يالقىن.
بۇنچا ئەۋلادى ئادىمزات ئۇقۇر مىڭ مەدھىيە تەلقىن،
لېكىن ئادەم بىنا قىلماق بۇ ئادەمگە نىچۇك مۇمكىن.
ياراتقان تەڭرىدىن باشقا كىشى تاپماس بۇ قۇدرەتنى.

نىمىشقا ئاياغ ئىككى، كۆز ئىككى، ئېغىز بىردۇر،
يەنە كۆزلەرگە قاش كىرپىك بىنا قىلغان قايسى تەھرىردۇر.
نىمىشقا مىڭ كىشى چىھرى يەنە مىڭ خىلدا تەسۋىردۇر،
قېنى ئېيتىڭچۇ؟ بۇ سىرغا نىچۇك سۆز توغرا تەئبىر دۇر.
تەپەككۇر ئاچقۇسى كەڭ يول چۈشەنمەككە بۇ سۈرەتنى.

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەر كىم بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق سۆڭرە ئۆلمەگلىك ئاياندۇر ھەممىگە ئايدىن.
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن،
ئېچىلماس سىر بۇلۇپ كەلدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى ـ دەۋراندىن.
ھەمىشە يىغسىمۇ دۇنيا بۇ سىرغا ھەممە دىققەتنى.

ئۆلۈمگە بىر دەۋا ئىزلەپ جاھاندىن كەتتى كۆپ دەنا،
ۋە لېكىن تاپمىدى ھېچكىم بۇ ئىشتىن زەررىچە مەنا.
ئارىستو ياكى لوقماندەك ھەكىملەرمۇ بىمۇستەسنا،

دېيىشتى ئاخىرى مۇتلەق ئۇلۇغ قۇدرەتكە ئامەننا.
دېمەك مۆئمىن ئەمەس بۇزماق بۇ قانۇنى زۆرۇرەتنى.

قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ساما سەيرى ئېتىپ ھەر كۈن،
مۇئەييەن يول ۋە تەرتىپتە خاتاسىز دەۋر ئېتەر ھەر كۈن.
بۇڭا ھاكىم ئىكەن مۇتلەق ئەجەپ بىر مۇنتەزىم قانۇن،
بۇ چەكسىز كائىنات تاپمىش ئەشۇ خىلدا تولا مەزمۇن.
يۇرۇپ نۇرلانغۇسى قەلبىڭ چۈشەنگەنچە بۇھالەتنى.

ۋە بەلكى بەزىلەر ئېيتار تۇزەلمەكلىك تەبىئەتتۇر،
ۋەھالەنكى تەبىئەت ھەم ئەجەپ بىر خىلدا ھەيئەتتۇر.
بۇ ئالەم سىرلىرى بىزگە ھۇنۇن بىر ياخشى ئىبرەتتۇر،
شېغىل تاش ھەر زامان تاشتۇر، زۇمرەتلەر -زۇمرەتتۇر.
تەپەككۇر تاشقىنى يۇتسۇن كۆرەڭ باتىل -جاھالەتنى.

مىسال: پەن -ھۇنەر ئەسرى قۇرۇپ ھېكمەت دۇكانىنى،
ياراتتى ئىپتىخارلىق بۇمۇ ئىجازەتلەر زامانىنى.
يەنە ھەم ئاشقۇسى كۆپلەپ بۇيۇك ھىممەت داۋانىنى،
لېكىن ئادەم تۇگۇل ھەتتا ئۇنىڭ بىر قەترە قانىنى.
ياسالماس ھەر نېچۇك ئالىم قىلىپ تەقلىد بۇ قۇدرەتنى.

ھاياتلىق سىرىغا تەكرار تۇخۇمنى كەلتۈرەي بۇرھان،
تۇخۇسىز ئالۇر ھەر كىم تۇخ ّۇمدىن چۈجىنى ئاسان.
ئەگەرچە يەنە مىڭ ھەسسە تەرەققى قىلسىمۇ دەۋران،
تۇخۇمنىڭ ئۆزىنى لېكىن ياسالماس بەلكى بۇ ئىنسان.
دىمەك مەخلۇق ھامان مەخلۇق بىلۇر خالىقلا خەلقەتنى.

نەزەر سالساق ئەگەر بۇغداي ۋە ياكى باشقا بىر دانغا،
تېرىپ ئۆستۈرمىسە دىھقان ھۇسۇل تولمايدۇ خامانغا.
ئەگەرچە دان ياساش مۇمكىن بۇلۇپ قالسىدى ئىنسانغا،
زاۋۇتلاردا ياساپ ھەر كۈن پۈلى توختايتتى ئەرزانغا.
دىمەك مەخلۇق ئەمەس قادىر ياراتماققا تەبىئەتنى.

ھاياتلىق سىر لىرى شۇنداق ئاجايىپ كەڭرى دۇنيادۇر،
بىلىپ يەتكەنىمىز تامچە، ئەگەر ئۇ بەھرى دەريادۇر.
كىمكى مەۋجۇدات زاتەن ئۇلۇغ ھىكمەتلەر ئەھيادۇر،
كى تۇپراق بولمىدى كىميا مەگەر بولسا ئۇ خۇليادۇر.
ھايات قانۇنى ھەردەمدە قىلۇر تەكرار بۇ ئىبرەتنى.

مىسالنى يەنە يۈز-يۈزلەپ تېپىش مۇشكۇل ئەمەس ھەر ئان
ۋە لېكىن ھەممىدىن ئەئلا ئۇلۇغ مۆجىزە دۇر قۇرئان.
خۇسۇسەن بولسا تەپسىرى < سۈرە رەھمان.>

كۇپايە قىلمىسا كاشكى ئاشۇنچە < ما تۇكەززىبان.>

قۇلۇپلۇق بو لمىسا قەلبىڭ قوبۇل ئەيلەر بۇ نىمەتنى.

تۇلۇق ئون تۆت ئەسىر ئۆتتى نەقىشلەر بولمىدى سادىر،

نىمىكى دىسە قۇرئاندا بۇگۈن دۇنيادا شۇ زاھىر.

بۇنىڭدەك مۆجىزە ئىشقە نىچۈك مەخلۇق بولۇر قادىر،

ئۇنىڭ تەئرىپىگە سۆزنى تاپۇر قايدىن ئەدىپ، شائىر.

نىسىپ قىلمايدىكەن تەڭرى ئەگەرتىلغا بالاغەتنى.

ئۇتۇپ بىر مىڭدا تۆت يۈز يىل ھاۋادىسلەر بىلەن بىر-بىر،

بىرەر ئىش قالمىدى شەكلەن ۋە مەئنەن بولمىغاي تەغيىر.

بىراۋلار قەستت بىلەن قۇرئان قۇرئان بېتى قىلسىمۇ تەھرىر،

لېكىن ئۆزگەرمىدى بىر ھەرىپ، بىرەر ساكىن ياكى زىر.

چۈشەنمەك نە مۈشكۈلدۇر بۇ مۆجىزە ـ كارامەتنى.

پۈتۈن ئۆمرىدە يا مەكتەپ، يا ئۇستاز كۆرمىگەن بىر زات،

ئۇقۇپ بىر كۈن <ئىقرا بىسمىكەللەزى >نى ھەيھات.

تېپىپ قۇددۇسى قۇدرەتنىڭ ئۇلۇغ ئەنۋارىدىن ئىرشات،

نەبۇۋەت ئەسىرىنىڭ شانلىق تۇغىنى ئەيلىسە بۇ نىيات.

نىچۈكمۇ ئىتىراپ قىلماس ئەقىل مۇنداق ھەقىقەتنى.

ئۇقۇپ كۆرسەك بۇتارىخنى ئەجەپ بىر ئەسرى ھېكمەتتۇر،
مۇبارەك تەرجىمەھالى تامامى پەزلى ـ خىسلەتتۇر.
رەقىپلەر ئىتىراپىمۇ بۇڭا ئەلۋەتتە ھۆججەتتۇر،
بۇ زاتنىڭ ئىسمى شەرىپى رەسۇل ئەكرەم مۇھەممەددۇر.
ياراتتى مەڭگۇ ئۆلمەس بىر ئۇلۇغ ئەسرى سائادەتنى.

نەبۇۋۋەت تاڭى ئاتماستا ئەرەپنىڭ ھالىنى ئەسلەڭ،
جاھالەت دەستىدىن ئەلنىڭ ئايانچ ئەھۋالىنى ئەسلەڭ.
زالالەت ھەم رەزىللىكنىڭ ياۋۇز ئىمسالىنى ئەسلەڭ،
مىسال: بىر قىز تۇغۇلسا گەر زەبۇن ئىقبالىنى ئەسلەڭ.
يىمىردى نەبۇۋۋەتلا ئەرەپتىن بارچە زۇلمەتنى.

ۋەھىنى بەزىلەر ئىلھام دىيىشتى بىر زامان ھۆكمەن،
ۋەھالەنكى ئۇلۇغ قۇرئان ئەمەستۇر قىسسە يا رومان.
ئۇنى ئىلھام بىلەن ئىجاد قىلىشقا بولسا گەر ئىمكان،
نىمىشقا يازمىدى بىر كىم يەنە ئىككىنجى بىر قۇرئان.
نىچۈكمۇ ئىتىراپ قىلماس كىشى مۇنداق ھەقىقەتنى.

بىراۋلار قىلدىلەر دەئۋا، نەبىلىك ئۇستىدە ھەتتا،
تېپىپ مىڭ ھىلە ـ نەيرەڭلەر، ئۆزىنى كۆرسىتىپ تەقۋا.
يېزىپ ئايەتكە تەقلىدلەر، ۋە ھەتتا قىلسىمۇ غەۋغا.

جاھاندىن كەتتىلەر لېكىن، بولۇپ ئالەمگە مىلك رەسۋا.
تاپالماس چۈنكى باتىللىق، ھەقىقى شانۇ-شۆھرەتنى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق ئۇلۇق مۆجىزە ئەلۋەتتە،
يەنە قانداق دەلىل لازىم بايان قىلماققا بۇ ھەقتە.
ئەقىل ساھىپلىرى جاندىن ئۆتەر تەستىق، قانائەتتە،
ئەگەرچە ياق دىسە بەزى مۇخالىپلار جاھالەتتە.
ئۆزىگە رەھنامە قىلسۇن ئەدىل، مەردانە پىكرەتنى.

خاتىمە.
بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر ئەمما،
نامايەندۇر قوياش ئەكسى بىر تامچە سۇدىمۇ ھەتتا.
قەسىدەم ئەلگە يەتكۈزسە ھېدايەتتىن بىرەر مەئنا،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۇن، ئەمەسمەن ئۆزگىگە تەشنا.
كۆچەتنى تىككۈچى مەيلى كۆرەلمەي ئۆتسە راھەتنى.

ئەقىدەم ھەققە باغلانغان، بۇ يولدا ئەتىمادىم بار،
شۈكرىكىم، ھەق ئاتا قىلغان ئىرادە، ئېتىقادىم بار.
ئەقىدە ساھىبى بولغاچ دىلىمدا پەخرۇ -يادىم بار،
دىمەيمەن مۇنچە گۇستاھلىق، قىلىشقا نىمە ھەددىم بار.
پىسەنت قىلماس كۆڭۈل چۈنكى قۇرۇق تەئنە -مالامەتنى.

جاھان باقى ئەمەس، لوقمان چىغىدا تاپمىدى دەرمان،

مىسالدۇر رومى ئىسكەندەر، ۋە ھەتتا ۋەھشى چىڭگىزخان.

كېلىپ -كەتمەك بىلەن مەشغۇل، جاھانغا بىھېساپ كارۋان،

ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت ھەقلا سۇرەر دەۋران.

ئۆمۈر مەنزىلىدە تاپتىم نىھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

باش ئەگىم ( نەسىر)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ئەجەبمۇ ياراشقان بۇ ئىسمىڭ ساڭا، زاتىغا قاراپ ئېتى بولۇر دېگەندەك، زۆھرەنىڭ ئىشكىدىن كۈندە مىڭ ئەگىپ ئۆتكەن تاھىر كەبى ھەر دوقمۇشتا يۈز قېتىم ئەگىپ ئاقسەن، خۇددى كىمنىڭدۇر ئارقىسىدىن يەتمەك بولۇپ قوغلاشقاندەك تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شىددەت بىلەن چاپىسەن....

نېمە بۇنچىۋالا تەشۋىشتە قالدىڭ؟؟

بىر قاراپلا بىلدىم، چېھرىڭدە چوڭقۇر بىر قايغۇنىڭ، ئاچچىق بىر ئەلەمنىڭ ئىزى بار، خۇددى يىلاندەك تولغۇنۇشلىرىڭمۇ مەنىسىز ئەمەس، تاپتايىنلىق ئوبدان بىلىمەنكى ئۇ بىر جان ئاچچىقىدۇر.....

ئايدىڭ كېچىلەردە بولسا مۆڭلىنىپ ئېيتقان قوشاقلىرىڭ خۇددى قاناتلانغان قۇشلاردەك ئۇچۇپ بېرىپ ئالەمنى قاپلار، ئۇزاقلاردا تۇرۇپ بۇ مۇڭلۇق قوشاقلىرىڭنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرەك باغرى خۇددى سىمابتەك تىترەر، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتار، يېقىن كەلگەنسىرى ھېچ تاقىتى قالماس، چىداپ تۇرالماي مۆڭلىرىڭغا قوشۇلۇپ تاھىر ئاققان جىلغىلىرىڭدا كۆز ياشلىرى بىلەن ئاققۇسى كېلەر....

ھەي، باش ئەگىم! دىمىقىڭدىن ھامان بىر ھىجران پۇرىقى پۇرار، بۇنىڭغا قاراپ پەقەت كۆز ياشلىرىم بىلەن كۆمۈلۈپ قالىمەن. سەنچۇ؟ ھامەن ئۆز غېمىڭ بىلەن. قىلچىلىكمۇ پەرۋا قىلمايسەن. ئېيتقىنا! نېمە بۇنچىلا دەرتلىكسەن؟ قاچاندىن بىرى شۇنداق مۇڭلۇقسەن؟

ھەي مۇڭلۇق باشئەگىم، ئېيتمىساڭمۇ ئوبدان بىلىمەن نىچۈن غەمكىن نىچۈن مۇڭلۇقلىقىڭنى... ئەگەر بىلمىسەم، دەردىڭگە ئورتاقلاشمىسام قاپقارا ۋاپاسىزلىق، ئۇياتسىزلىق توغرىسى خائىنلىق قىلغان بولىمەن. چۈنكى سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈك سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭدىن، يۈكسەكلىكىڭدىن يارقىن بىر نەمۇنە ئەمەسمىدى؟ سەن ئەزەلدىن بىزگە شۇنى- سۆيگۈ، ۋا پا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈكنى ئۆگەتمىگەنمىدىڭ؟

سۆيگۈ تۇتقىنى تاھىر تاغدىن تاشلانغاندا سېنىڭ سۇرلۇك، قاتتىق ۋە قىلچىتەك ئۆتكۇر تاشلىرىڭ مامۇق بولۇپ قارشى ئالغان ئەمەسمىدى؟ تاھىرنىڭ ساندۇق بىلەن بىر ئەگىمدە ئۇچ كېچە-كۈندۈز تۇرالىشى سېنىڭ ئەزگۈلۈك ۋە ۋاپادارلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ كىم بىلمەيدۇ تاھىر ساندۇقىنىڭ ئىسسىق قوينۇڭدا نەچچە يىللار كۆز قارچۇقىڭدەك ئاسرالغىنىنى! بۇ، كىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەزگۈلۈك؟ بۇ ساڭا ۋە « پەرىشتە» لەرگە خاس ئەزگۈلۈك ۋە يۈكسەكلىكتۇر......

ئەمدىلىكتە بولسا، دەردلىك كۆزلىرىڭ بىلەن ئېگىز تاغ بېشىغا قارايسەن، ياش ئۇنچىللىرى بىلەن تولغان كۆزلىرىڭنى بىر نەپەسمۇ ئۈزەلمەيسەن.

نېمە كۆرۈنەر؟

تۇغ قادالغان كونا بىر مازار ... ئۇزاق ئەسىرلەرنىڭ، ئېغىر يىللارنىڭ، قاراكۈنلەرنىڭ قانلىق يەكۈنى ...

نە سۆيگۈ، نە ھايات، نە تەنتەنە!

بىر جۈپ قىزىل گۈل ئارىسىدا ھامان بىر تال ياۋۇز تىكەننىڭ ئىپلاس ۋە تەكەببۇر گەۋدىسى ياتار... مانا، سەن شۇنى كۆرىسەن. ئوبدان بىلىمەن، ئۇ ئىپلاس، تەكەببۇر تىكەننىڭ يىرتقۇچلارچە قىچقارغان ئۆلۈك كۈلكىسى قۇلىقىڭغا خۇددى نەشتەردەك سانچىلار... قارا كۈنلەرنىڭ ئۇ بىر جۈپ

مەسۇم قۇربانى سېنى قانچە ئاچچىق ھەسرەتكە، چوڭقۇر مەيۈسلۈككە، چەكسىز قايغۇغا سالسا، ئۇلارنىڭ قاتىلى شۇ ئىپلاس تىكەن سېنى شۇنچە تىنىچسىزلاندۇرار، غەزەپلەندۇرەر، كايىتار ... ناھايەت، ئىنتىقام ئۇچۇن قوزغار!

ھەممە دەردىڭ، ھەممە قايغۇڭ، ھەممە تەشۋىشىڭ، ھەممە ئاچچىقىڭ شۇنىڭ ئۇچۇندۇر.

ئەي، مەسۇم قۇربانلار مازىرى، سۆيگۈ دەرياسى ھەسرەتلىك باش ئەگىم! ھامان سېنىڭ ئۇستۇڭنى بىر قارا ھىجران تۇمانى باسقان، سەن شۇنىڭ ئۇچۇن دەرتلىنىسەن، شۇنىڭ ئۇچۇن مۇڭلىنىسەن، شۇنىڭ ئۇچۇن ئاچچىقلىنىسەن، غەزەپلىنىسەن، ئاچچىقىڭدىن تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاپئاق كۆپۈكلەر چاچرىتىسەن، جان ئاچچىقىڭدىن دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ، شىردەك ھۆۋلايسەن.

ھەققىڭ بار!

ھەر نېمە قىلماققا ھەققىڭ بار!

يەنە دەرتلەن، يەنە مۇڭلان، يەنە ئاچچىقلان!

تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇل، دولقۇنۇڭ بىلەن كۆتۈرۈل... يەنە تاش!

تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ ياناق كۆزلىرى ھامان ساڭا تىكىلىپ تۇرماقتا. سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈك ئۇچۇن ئۇلارنىڭ روھىنى يادلان! تاھىر داستانى بىلەن دولقۇنلان!! ئۇنىڭ ئۇچۇن چەككەن ئەلىمىڭ، تارتقان دەردىڭ، جاپاـ ئەمگىكىڭ مەڭگۈلۈك راھەت، مەڭگۈلۈك سائادەت!

« بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،

ئۆزۈڭنىڭ شورى دەڭلار!»

1948ـيىلى 27ـ يانۋار ئۈرۈمچى

# دېڭىزدىن سادا

(نەسىر)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

قاپ ـ قاراڭغۇ بىر كېچە................... چەكسىز كەتكەن كۆپكۆك بىر دېڭىز ........................ ئۇ قاراڭغۇ كېچىنىڭ سۈرى بىلەن گويا قارا بولۇپ كۆرۈنەر، دەھشەت بىلەن دولقۇنلىنار، قويۇق كۆپۈكلەر چاچرىتار.

ئەنە ئۇنىڭ تېشىپ چىققان جۇشقۇن سادالىرى.......................................................

ئەنە ئۇ دېڭىز بويىدا ئاسمان بىلەن قۇچاقلاشقان تىك تاغ.

ئۇنىڭ قىلىچ كەبى ئۆتكۈر تاشلىرى دولقۇنلۇق دېڭىزغا غەلىتە بىر تۇستە باقار، ئۇنىڭدىن بىر نەپەس كۆزىنى ئالماس، ھامان قاراپ تۇرار، ھامان ئىنتىلۇر، ئەنە شۇ تاغنىڭ يان باغرىدا ئاللىقانداق خىيالغا چۆمگەن بىر شائىر. ئۇ سۆز باشلاپ دېڭىزغا ئەرز ئېيتار، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈكلەر قاينار ...

ــــــــــــــــــــــــــــئەي دېڭىز، نىچۈن مۇنچە دولقۇنلىنارسەن؟ توختا بىردەم، مېنىڭ سۇئاللىرىمغا جاۋاب بەر !!؟؟

نىچۈن چاغلاردىن بېرى، بىزگە كۈن نۇرى تەگمەس؟ نىچۈن ئاسمىنىمىز ھامان تۇمانلىق، ھامان بۇلۇتلۇق، ھامان تۇتۇق؟ بىر كۈنمۇ ئوچۇق بولغىنى يوق، بىر كۈنمۇ !!!!!!!!!! ھامان بىزگە تۈن!!!!!!!!! ئۆمۈر لاي سۇ كەبى ئېقىپ كەتمەكتە. ھەر چاغ ھەر زامان كۆڭلىمىز سۇنۇق ..................

يىللار ئەسىرلەر شۇنداق ئۆتتى. ھەر يىل ھەر ئەسىر بىزنى قاقشىتىپ، بەك كۆپ غەنىمەتلەرنى

ئىلىپ كەتتى، ئۆمۈرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئوغرىلاپ قاچتى، لېكىن، بىزگە ھېچنېمە بېرىپ كەتمىدى. پەقەت مۆلىكى بىلەن ھەسرەت، قايغۇ ۋە ئەلەم، كۆزلۈرۈمدە قۇرۇماس نەم قالدۇرۇپ كەتتى، بىزگە بەرگەن سوۋغىتىڭ شۇ بولدى ....................................

بىز ھەمىشە نۇرغا تەشنامىز !!!!! بىراق، ئۇ بىزدىن جامالىنى يوشۇردى، بىر قارا پەردە ئۇنىڭ يۈزىنى توستى، ياق، بەلكى بىزنىڭ كۆزۈمىزنى توستى ،. شۇنداق قىلىپ بىز ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇق پۈتۈنلەي........................... شۇنىڭ ئۈچۈن چىرايىمىز سارغايدى، يۈرەكتىكى قان زەرداب سۇغا ئايلاندى.

ئاھ، قېنى بۇ بەخت قۇياشى، قېنى ئۇ نۇر؟! قېنى ئۇ گۈزەل باھار؟

يوق ......... بىرسىمۇ يوق، بىز ھەممىدىن مەھرۇم !!!!!!!!!!!!!!!

ئەنە تىيانشان، ئالتاي، كۇئېنلۇن، پامىر تاغلىرىنىڭ ئۈستىدە ھامان شۇ قارا بۇلۇتلار، ھامان بىر قارا پەردە ......... ئىلى، تارىم، ئېرتىش ۋە باغراش سۇلىرى ئۈستىدە ھامان بىر قارا تۇمان !! قاچانغىچە شۇنداق؟ قاچان بىزگە تاڭ ئاتار؟

يادىڭدىدۇر بەلكىم، بىزدە بىر ئەمەس، قانچە ـ قانچە قېتىملار قاتتىق بورانلار سوقۇپ ئۆتتى، بۇ بورانلار بىلەن گويا پۈتۈن جاھان تىترەپ كەتكەندەك!!! بوران سوققان بىپايان دەشت ـ جاڭگاللاردا قىپ ـ قىزىل قانلار دەريا بولۇپ ئاقمىغانمىدى؟ گىياھلارغا ئىلىنىپ قالغان ئادەم ئۈچەيلىرى سىم تاناپنىڭ سىملىردەك ۋىڭىلداپ ئەتراپقا دەھشەت سالمىغانمىدى؟ ئىگىسىز قالغان جەڭ تۇلپارلىرى تىزگىنلىرنى سۆرەپ، كۆككە قاراپ، ھەسرەت بىلەن كىشنەشمىگەنمىدى؟ بۇ بورانلار سوقماقتا تېخى، بەلكى يەرنىمۇ سوقار ......................

ئەجەبا !!!!! شۇنچە بورانلار بۇ قارا بۇلۇتلارنى نېمىشقا سۈپۈرۈپ تاشلىيالماس !؟ نېمىشقا بۇ قارا تۇن پەردىسىنى يىرتىۋەتەلمەس، قاچان بىزگە تاڭ ئاتار؟؟؟ ئېيتىقىنا، قاچان ؟؟؟

بىلمەن، بوران سوقماقتا، بوران.

بىراق قورقۇمەنكى بۇ بوران توختاپ قالمىغاي دەپ، يەنە بىزگە تاڭ ئاتماي قالمىغاي دەپ.

ئېيتقىنا، بىزگە تاڭ ئاتامدۇ؟ يوق؟ ئۇ تاڭ قاچان ئاتىدۇ؟ قاچان؟ ئۇ تاڭ قايسى تەرەپتىن يورۇپ قايسى تەرەپتىن بەخت تۇغار؟

دولقۇنلۇق دېڭىزدىن جۇشقۇن بىر سادا كەلدى:

توختا ئەنە، تاڭ ئاتماققا ئاز قالدى. تاڭ كۈن چىقىش تەرەپتىن ئاتىدۇ ئەمما، يەنە كۆپ چېلىش بورانلىرى سوقسۇن

بىرەر نادان ساڭا ئۇگەتسە دانىش

كۇلۇپ قويغىن ئاڭا، سەن قىلما كايىش،

ئېشەكنىڭ بىمەھەل ھاڭراپ تاشلىشى

ئاتوم دەۋرىدىمۇ، تۇرمۇشتا بار ئىش

قەددىڭنى پۇكۇپ سەن قىلمۇغۇنچە يا،

ئاقمىسا تەرىڭدىن ۋە ياكى دەريا،

ئۇندەككە كەلمەيدۇ بىلىمنىڭ قۇشى

قەلبىڭدە گەر بولسا تىرىقچە رىيا.

كىشى ھەر نەرسىنى بىلمەككە ماھىر

بىلىپ بولماققا لېكىن ئۇ ئەمەس قادىر

ئارستۇدەك ھىكىممۇ ئېيتقانىدىكى

بىلگەنسىرى بىلدىم، بىلمەسلىكنى ئاخىر

ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرلىرىدىن پارچە ..........................

چىللاڭ خورىزىم ، چىللاڭ

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

نىم دېگەن ئۇزۇن كېچە، ئەجەبمۇ تاڭ ئاتماي قالدى ،
چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، تاڭغا قاراپ كۆزىم تالدى .

چىللاڭ خورىزىم ، چىللاڭ، ئۇخلاق جاھانىم ئويغانسۇن،
مېنى تاشلاپ ئۇخلىغان گۈلى رەيھانىم ئويغانسۇن .

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، يارنى چىللاپ ئويغىتىڭ ،
يۈزىگە قانات يېيىپ، ئاستا سىيپاپ ئويغىتىڭ .

ئاچسا يارىم كىرپىكىنى يەنە ئۇيقۇ باسمىسۇن،
ئۇيقۇ بىرلە مەن غېرىپنى مەڭگۈ تاشلاپ ئەتمىسۇن.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، تاڭ ئاتىدۇ دەپ چىللاڭ،
تاڭ ئالدىدا يارىڭىز سىزنى كۈتىدۇ دەپ چىللاڭ.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، چىللاڭ ئۇ گۇلۇستانغا،
يارىم ئويغانسا خەۋەر بېرىڭ مەن باغرى قانغا .

قاشتېشىغا مەدھىيە

(نەسىر)

[ئابدۇرېھىم ئۆتكۇر]

ئەي گـۈزەل قاشتېـشى! نىمىـشقىدۇر سـەندىن كـۆزۈمنى ئالالمـايمەن، قـاراپ ـقـاراپ ھۆسـنۈڭگە تويمايمەن، بېقىپ ـ بېقىپ مېھرىڭگە قانمايمەن، گوياكى سېنىڭ ئىشقىڭ قەلبىمنى چۇلغىۋالغانـدەك .... ئەلنىڭ ئېيتقىنى بىلەن ئېيتسام:«ھەر بارە كۆزۈم سەندە!»

قىزىق ئىش: سـەن بىـلەن بىـر ئـۇرۇقتىن بولغـان يـاقۇت بىـلەن بىـرۇزە، زۇمـرەت بىـلەن كەھرىـۋا ھۆسنى ـ جامالدا سېنىڭدىن گۈزەلرەك، جىلۋە ـ كامالـدا سېنىڭدىن ئەۋزەلـرەك ئىـدىيۇ، نىمىـشقىدۇر بىلمەيمەن، «ھەر بارە كۆزۈم سەندە، ياندۇرۇپ يەنە سەندە!»

كۆزۈم سەندە، ئويۇم سەندە، كۈندۈزىغۇ شۇنداق، تاڭ ـ تاڭلار ئېتىپ كەتكۈچە، يەنىلا پىكرىم سەندە. سېنى ئويلىسام ھەر چاغ، خىيالىم قانات قېقىپ، قاپىيىلەر گۈلزارىغا قونىدۇ؛ سۆزلەر جىلۋىگە كىرىپ، قاتار ـ قاتار قوشاقلار توقۇلۇپ توقۇلۇپ چىقىدۇ.

قاشتىشىيۇ، قاشتېشى،
ماڭا بولدى سۆز بېشى.

تەرىپلىمەي قويارمۇ،
ئۇنى كۆرگەن ھەر كىشى.
قاشتېشىيۇ، قاشتېشى،
ئوخشاش ئىكەن ئىچ - تېشى.
سۈزۈكلۈكى-دۇر، سەدەپ،
غۇۋالاشماس ياز - قىشى.

ياق، ياق! سېنى تەرىپلەشكە مۇنداق قوشاقلار قانداقمۇ لايىق بولالىسۇن! قورساق قاتىمەن دەپ، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەر بىلەن بوغۇلۇپ قېلىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ ئەڭ ياخشىسى، سەبىي بالا كۆڭلىگە نېمە كەلسە، شۇنى ئېيتىۋەرگەندەك مەنمۇ سۆزۈمنى ئازادە ئېيتاي، خىيالىم قۇشلىرى كەڭ سامادا پەرۋاز قىلغان لاچىندەك ئەركىن قانات قاقسۇن!

دۇنيادا تاشنىڭ خىللىرى كۆپ: قۇم تاش، شېغىل تاش، بىلەي تاش، قۇرام تاش.... ساناۋەرسەك، جىققىلا بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا شاھلارنىڭ تاجلىرى بىلەن نازىنىنلارنىڭ ئۈزۈك -ھالقىلىرىغا كۆز بولىدىغان ياقۇتمۇ تا، پىرۇزىمۇ تاش؛ تەختلەرگە پايە، قەسىر - ئايۋانلارغا تۈۋرۈك، مەسچىت - چېركاۋلارغا مېھراب بولىدىغان مەرمەرمۇ تاش. بىراق، نېمىشقىكىن، ئەي گۈزەل قاشتېشى، سېنىلا ئويلايمەن ساڭىلا قارايمەن،«ھەر بارە كۆزۈم سەندە، ياندۇرۇپ يەنە سەندە!»

خىسلىتىڭ قانچە، ھۆسنۈڭمۇ شۇنچە؛ ھۆسنۈڭگە بېقىپ، مېھرىڭمۇ شۇنچە. مەيلى ئاق ياكى قارا، مەيلى كۆك ياكى يېشىل، مەيلى سېرىق ياكى قىزىل... قايسىلا رەڭدە بولساڭ، خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن -ھۈسەندەك مەپتۇن قىلىسەن مېنى، قاراپ - قاراپ تويمايمەن، مېھرىڭگە زادى قانمايمەن.

ئاقلىقىڭنى كۆرگەدە، سۈزۈلۈپ ئاتقان تاڭنىڭ پارلاق يۈزى بىلەن باھاردا كېلىدىغان ئاق

قۇلارنىڭ قانىتى، بۇغدا چوققىسىدىكى قار ـ مۇزلار بىلەن مومام رەھمىتىنىڭ بېشىدىكى ئاپئاق لېچەكى، ئانامنىڭ ماڭا بەرگەن سۈتى بىلەن دادامنىڭ ئورمىدا كىيىدىغان ماتا كۆڭلىكى، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ بادام دوپپىسىدىكى گۈلى بىلەن خوتەن شايىسىنىڭ ئاقلىقى ياكى ئايدىڭ كېچىلەردە يەرگە چېچىلغان ئاي شولىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ.

ئاقلىقىڭدۇر پاكلىقىڭ ھەم ساپلىقىڭ،
ھەم ئۇلۇغۋا، ئەزگۈلۈككە بابلىقىڭ.
كىمكى بولسا ئەھلى ۋىجدان، تۈز نىيەت،
ئاڭا ھەم لايىق بولۇر بۇ ئاقلىقىڭ.

قارىلىقىڭنى كۆرگەندە، ئادەمزاتقا مەدەنىيەت تېڭى ئاتقان، يەنى يېزىق تېپىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخى يېزىلىشقا باشلىغان چاغلارنى ئەسلەيمەن، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەيلى يۇڭ، مەيلى قومۇش، مەيلى قاناتنى قەلەم قىلسۇن، ئىنساق ئۆز تارىخىنى قارا سىياھ بىلەن پۈتكەن ئەمەسمىدى؟ سېنىڭ قارىلىقىڭنى تارىخنىڭ خېتىگە ئوخشىتالىغىنىم ئۈچۈن خوشالمەن. ئۇنى دېسەڭ، خوتەن كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن چىقىدىغان ئىپارمۇ قارا؛ شەرق گۈزىلىنىڭ كۆزىمۇ قارا، قېشىمۇ قارا، پەلپۇنۇپ تۇرغان چېچىمۇ قارا؛ رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، لۇقمان ھېكىممۇ قارا ئىمىش، مەجنۇننىڭ لەيلىسىمۇ قارا؛ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان بۈركۈت بىلەن سۇدا ئوينايدىغان قۇندۇزمۇ قارا؛ ئالتۇننىڭ بىر خىلى بولغان كۆمۈرمۇ قارا؛ ۋەتەننىڭ شۆھرىتى ـ قارامايىنىڭ نېفىتىمۇ قارا؛ باھار كۈنلىرى ھاۋانى گۈلدۈرلىتىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش بىلەن تەشنا جانلارغا ھايات بەخش ئەتكۈچى بولۇتمۇ قارا.

كۆكلۈكۈڭ ـ كەڭلىك، بۈيۈكلۈك. چەكسىز ساماغا باقسام، گۈمبەزسىمان ئاسمانمۇ كۆك؛ يىراقتىن

كۆرۈنگەن مەغرۇر تىيانشانىمۇ كۆك؛ چاڭجىياڭمۇ كۆك؛ دىنپېرمۇ كۆك، دونايمۇ كۆك؛ كىچىككىنە سايرامىمۇ كۆك، چەكسىز دېڭىز-ئوكيانمۇ كۆك.

مانا گۈزەل ئالتاي يايلىغى، خۇددى يېشىل گىلەمنىڭ ئۆزى. ئۇنى ھەم كۆرسەم، سېنى ئەسلەيمەن؛ سېنى ھەر كۆرسەم، ئۇنى ئەسلەيمەن. تىيانشان باغرىدا قاتار قارىغايلار، چەكسىز قىرلاردا يۇمران مايسىلار، باغلاردا چىمەن يېشىل بوستانلار، گۈلشەندە كۈلەر گۈلى رەيھانلار - بۇلارنىڭ ھەممىسى يېشىللىك دېمەك، يېشىللىك دېمەك ـ ھاياتلىق دېمەك.

ئەي گۈزەل قاش تېشى! ھۆسنۈڭ قانچە، پەزىلىتىڭ شۇنچە؛ پەزلىڭ بىلەن قەدرىڭمۇ شۇنچە. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، تېشىڭ بىلەن ئىچىڭ بىر، ھۆسنۈڭ بىلەن خۇلقۇڭ بىر. ئىسسىقنى كۆرۈپ، ئېرىپ كەتمەيسەن، سوغۇقنى كۆرۈپ، توڭلاپ قالمايسەن، بوران - چاپقۇندىمۇ ئوخشاش، يامغۇر - كەلكۈندىمۇ ئوخشاش. قەسىر- ئايۋانلارغا قەندەل بولساڭمۇ بىر خىل، پايە بولۇپ يەردە ياتساڭمۇ بىر خىل، ھەيكەل ياساپ، تەكچىدە قويسىمۇ بىر خىل، كۈرسى ياساپ يەردە قويسىمۇ بىر خىل. كۆتۈرگەنگە ئۇچمايسەن، تاشلىغانغا سۇنمايسەن. گۈزەللەرنىڭ قۇلىقىغا ھالقا، بىلىكىدە بىلەزۈك، بارمىقىدا ئۈزۈك بولغانغا پەخىرلەنمەيسەن، تالىپقا قەلەمدان، زاھىتقا تاۋاق بولغانغا ھەقىرلەنمەيسەن، قىسقىسى، ئىنسانىنىڭ ھاجىتى نېمە بولسا، سەن شۇنىڭغا تەييارسەن. بۇ نېمە دېگەن ئالىيجانابلىق!

ئەي گۈزەل قاش تېشى! سېنى قانداقمۇ تەرىپلەي بولاي، ئەڭ ياخشىسى، سۆزۈمنى ئەمدى قىسقا قىلاي. ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق، قىزنىڭ ئۈزلۈقى ئانىغا تالىق، داننىڭ توقلۇقى تۇپراققا باغلىق، گۈلنىڭ جامالى ياپراققا باغلىق. سېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قارىقاش دەرياسى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسىغا بارىكاللا! شۆھرىتىڭنى جاھانغا يايغان ھۈنەرۋەن خۇتەن خەلقىگە ھەشقالla

جەنۇبقا خەت

ئەي جەنۇب، دەردمەن جەنۇب، ئەي مۈڭلىنىپ ياتقان جەنۇب،
خۇددى تارىم سۈيىدەك كۆز ياشلىرىڭ ئاققان جەنۇب.
گاھ يانار تاغدەك يېنىپ، سەن پارتلىدىڭ يالقۇن چېچىپ،
ئەمدى تۇتقۇن شىر كەبى مەيۈسلىنىپ ياتقان جەنۇب.

كۆپتىن ئەمدى قاينىدى مۇڭلىرىڭ، ئاھ - زارلىرىڭ،
كەتتى ھەسرەت ئىچىدە نى كۈرەشچان ئەرلىرىڭ.
ۋەھشىي بىر ئورمان بولۇپ قالدى خىيالىڭ باغچىسى،
تەڭرىگە يەتمەي ئۆتەرمۇ ئاھلىرىڭ، پەريادلىرىڭ!

يىغلاپ ئۆتتى سەن ئۈچۈن ئەسىرىمىزنىڭ قانچىسى،
بۇ يىغىغا باقمىدى جەبىر - زۇلۇمنىڭ قامچىسى.
كەلمىگەي ھېچكىم بېشىغا ساڭا كەلگەن كەلگۈلۈك،
ھېچ ئۈزۈلمەسمۇ بۇ قۇللۇق زەنجىرى - ئارغامچىسى؟

ياق، ئۈمىد بولغاي سېنىڭ ئارزۇلىرىڭنىڭ قولدىشى،
تاڭ ئېتىپ ئەلۋەتتە بىر كۈن سۈرتۈلەر كۆزنىڭ يېشى.
كۈيلە - كۈيلە ئەرك - ئازادلىق كەتسە بۇ ئۆتكۈر بېشى،

قالغۇسى خانتەڭرىدە مەغرۇر كۈلۈپ قەبرە تېشى ...

تەلكە تاغلىرى

تەلكىنىڭ داۋانى بار،
ئۈستىدە تۇمانى بار.
سايرام كۆلىگە پاتقۇسىز،
ھەسرەتۇ-ئارمانى بار.

تەلكە دېگەن ئېگىز تاغ،
ئېتەكلىرى چىمەن باغ.
باشتىن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ،
ئاجايىپ بايانى بار.

تەلكىدىن ئۆتكەن چاغدا،
قالاتتى يۈرەك داغدا.
ئوقۇپ-ئوقۇپ يىغلايتوق،
ھەسرەتلىك داستانى بار.

ئەمدى تەۋرەپتۇ سايرام،
تەلكىدە بولۇر بايرام.

بايرامنى قىزىتماقتا،

جان تىكەن ئوغلانى بار.

تۇغلۇقنىڭ ئەۋرىلىرى،

سادىرنىڭ نەۋرىلىرى.

ئات چاپتۇرۇپ ھەر تاغدا،

توزاتقان توزانى بار.

ئىلاخۇن ئۆتكەن يولدا،

ئاپتومات تۇتقان قولدا.

داۋان ئاشقان ئەرلەرنىڭ،

ھەر تاشتا نىشانى بار.

چەكمەن كىيگەن ئەرلەرنىڭ،

جەڭگە كىرگەن شىرلارنىڭ.

ھەر تۇپ قارغاي تۈۋىدە،

تامچە-تامچە قىنى بار.

يېشىل بەرجۇت يەرلەرنىڭ،

پاك ۋىجدانلىق ئەرلەرنىڭ.

نومۇس ئۈچۈن جان بەرگەن،

ئۇنتۇلماس قۇربانى بار.

تەلكە ئۆزى بىر داۋان،
ئەمدى سۈرگۈسى داۋران.
بۇ دەۋرانغا ئاتالغان،
بۇزۇلماس پەيمانى بار.
تاڭ شامالىلىرى

يەلپۈنۈپ ئۆتكەن تاڭ شامالىلىرى،
بىردەم قىشىمدا تۇختاپ تۇرۇڭلار.
يۈرەك زارىنى، ئاھ!! ۋە دەردىنى
مەرھەمەت ئەيلەپ ئاڭلاپ ئۆتۈڭلار.

ئىشىپ تاغلاردىن بىرىپ يەتكەندە،
تەڭرى تىغىنىڭ ئىتەكلىرىگە.
يىپەك رومالدەك قۇلۇڭلارتەگسۇن
دەد يىشى تامغان ئىگەكلەرگە.

تەسەللى ئۇقۇپ، دەردىگە دەرمان.
غەيرەت قۇشۇڭلەر غەيرەتلىرىگە.
مۇڭلۇق سالاملار بىرىپ ئىيتىڭلەر،
دەردمەن گۈللەرنىڭ چىچەكلىرىگە.

تاڭ ئاتىدۇ دەڭ چىلىش قاينىغاچ،
ئىلى سۇلىرى دۇلقۇن ياسىغاچ.
دۇلقۇنغا ئىيتىڭ تۇختىماي ئۇرسۇن،
دۇلقۇنىنىڭ ۋاقتى قاراپ تۇرمىسۇن.

يىللاردىن بىرى تەۋرىگەن دىڭىز،
ئەمدى ۋاقتىدۇر ئوبدان ئىيتتىڭىز.
قۇربانسىز داۋا بولمىغان ھېچ چاغ،
بىز داۋا قىلىپ قانمىغان ھېچ چاغ.

مەنمۇ ياسايمەن تىلەكلىك دۇلقۇن،
ئۆزۈمگە لايىق سالىمەن شاۋقۇن.
شائىر تىلەيدۇ شۇنداق تىلەكنى،
خىيالىدى ئۇ بىر كىلەچەكنى.

يەلپۈنۈپ ئۆتتۆڭ تاغلار بىشىدىن،
تاغلاردىن ئۆتكەچ جەڭچى قىشىدىن.
مەنمۇ راسلىدىم ئۆتكۈر قىلىچىم،
ئۆتەشكە تەييار ئۇلۇغ بۇرچۇم!!!!!!

1945-يىلى 15-ئىيۇن لەنجۇ

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيلىرىدىن

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

1

ۋەتەن يادى مېنىڭ سۆيگەن گاھىمدۇر،
ئۇ كۆندۈز ئاپتىۋىم، تۈندە ماھىمدۇر.
ئەگەرچە ئەيلىسە رەشك مەيلى كەئبە،
ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

2

ئۆستۈردى قوينىدا مېنى شۇ تۇپراق،
ئۆلسەممۇ ماڭا ئۇ بولغۇسى يۇمشاق.
شۇ ۋەتەن ئىشقىدىن ئۇلۇغ نېمە بار،
سىغمايدۇ كۆڭۈلگە بۆلەك ئىشتىياق.

3

مەجنۇن تال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلىدۇ تەزىم.
سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا!!
بۇرچىمىز قانچىلىك ئويلايلى دائىم!

4

ئانا سۈتى ئاقارتقاي دىلىڭنى سېنىڭ،

مەرىپەت يورۇتقاي يولۇڭنى سېنىڭ.

ۋەتەنىنىڭ سۆيگۈسى كۈچ، ئۈمىت بېرىپ،

پەلەككە يەتكۈزگەي قولۇڭنى سېنىڭ.

5

ھەر قانچە ئىگىزدە قوش پەرۋاز قىلۇر،

ئوزۇغى، ئۇۋىسى يەر ئۈزرە بولۇر.

يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،

پۇتلىرىڭ ھامان شۇ تۇپراقتا تۇرار.

6

تاھىرغا ئۆزىنىڭ زوھراسى ياخشى،

مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى.

مېنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىمغا،

ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

7

باھار كەتسە توزار گۈلشەندە غۇنچە،

تىرىكنىڭ قەدرىمۇ كۆز يۇمۇلغۇنچە.

لېكىن ئۆلمەس كىشىلەر ھەم بار جاھاندا،

قۇياشنىڭ ئۆمرى قانچە، ياشار شۇنچە.

8

ئاقار دەريا يۈزىمۇ قىشتا مۇزلار،

قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.

ئۇلۇغ غەيە بىلەن سوغۇرۇلسا دىل،

ئۇنىڭدا ھەمىشە تۆت پەسىل باھار.

9

بىراۋلار ئەلگە قىلدى جاننى قۇربان،

بىراۋلار تەر بىلەن گۈللەتتى بوستان.

ئالار قۇش تۈلكىنى ئۇنسىز- تاۋۇشسىز،

قاقاقلار بىر تۇخۇم تۇققانغا مىكىيان.

10

مېنى باغدىن ئەمەس چۆلدىن ئىزلەڭلار،

ۋە يا باغراش دېگەن كۆلدىن ئىزلەڭلار؛

ئۇنىڭدىن ياخشىسى ئۇزۇن سەپەردە-

يېقىلغان گۈلخاندىكى كۈلدىن ئىزلەڭلار.

11

بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما،

لاچىن ئېيتۇر: قاناتىمنى قايرىما.

مەن ئېيتۇرمەن: بېلىق سۇسىز نە قىلغاي،

مېنى خەلقىم قۇچاغىدىن ئايرىما.

12

شادلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك ئىمىش،

مۆلدەرگە ئاھارۇ-كۈز بىردەك ئىمىش.

ئۇتتۇقتا يوق دېمە ئوڭۇشسىزلىقنى،

كىشىلىك ھاياتى شۇ دېمەك ئىمىش.

13

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،

ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزىڭ قالار.

يا ماختان، يا ئۆكۈن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى،

ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

14

ئالتۇن جام ئىچرە مەي قوزغاتسا ھەۋەس،

گۈزەلنىڭ كۆزلىرى سېنى قىلسا مەست.

كۈنۈڭ ئۆتسە ئالقىش- ماختاشلار ئارا،

ئاگاھ بول، ھاياتنىڭ بۇ ئۆزى ئەمەس!

15

قارىغاينىڭ كۆكلىگى| ئۇنىڭ زىننىتى،

تۈزلىگى|Iئۇنىڭكى قەدىر - قىممىتى.

ھەر كىشى قارىغايدەك بولالىسا تۈز،

ئەل ئىچرە ساقلىنار ئىززەت |ھۆرمىتى.

.16

ئەل غېمى، شاتلىغى ئىلھامغا بۇلاق،

ئۇنىڭسىز شېئىردا بولماس خوشپۇراق.

كۆر، ئالتۇن قاچىغا چىلانسىمۇ گۈل.

سولىشىپ كېتەر تېز بولمىغاچ تۇپراق.

17

ئەل ئۇچۇن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،

تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.

ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياغا،

ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ چېكەرسەن ئەلەم.

18

شېئىر يازماق ئاسان، ھەق سۆزلىمەك تەس.

شائىرغا ھېرىس ـتاما بولمىغاي ھەۋەس.

يازغاننى قەدىرلە ئاۋۋال سەن ئۆزۈڭ،

سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

19

قەددىڭنى پۈكۈپ سەن قىلمىغۇنچە با،

ئاقمىسا تەرىڭدىن ۋە ياكى دەريا،

ئۇندەككە كەلمەيدۇ بىلىمنىڭ قۇشى،

قەلبىڭدە گەر بولسا تېرىقچە رىيا.

20

بىلىم ئۇ، خۇددى چىن سۆيگۈ مىسالى،

پەرھاتقىلا مەنسۇپ شېرىن ۋىسالى؛

كىمكى ساختىلىق قىلسا خىراۋدەك،

ۋىسالغا ئېرىشمەك ئۇنىڭ خىيالى.

21

بىلمەكتىن مۇرات ـ نام ـ شۆھرەت ئەمەستۇر،
شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.
بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساڭ،
ھوسۇلى ئەلگە بولسا، ئۇشبۇ بەستۇر.

22

ئالدىڭدا يېقىملىق شام ـ چىراقتا باق،
كېچىنى قىلىدۇ كۈندۈزدەك ئاپئاق.
تەپەككۇر كۆزلە ئۇنى بىر كۈزەت،
ئۆزىچۈن يانامدۇ ئۇشبۇ شام ـ چىراغ.

23

كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،
جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.
مۇبادا رەشىك ـ ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسىرىغىمۇ ئاران سىغىدۇ.

24

ئاسمانغا نەزەر سال، يۇلتۇز بىساناق،
ئۇسۇشمەي ئۆتىدۇ ئەزەلدىن ئىناق.
جاھان كەڭرى، دوستۇم، يېتەر ھەممىگە،
ئادەمگە ياراشماس سۆڭەك تالاشماق.

25

ئەجەب بىر گۈش ئىكەن بۇ يۈرەك دېگەن،
ھەر تەندە ئۇ ھەر خىل ھېس قىلار ئىكەن.

ئەگەر ئۇ ئىچىمىسە ۋىجدان شارابىن،

ئىلغىدا ئېسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن

## شېئىر ۋە شائىر

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

شېئىر ــ مارجان ئەمەس، يىپقا تىزىپ قويسا تۇرىۋېرىدىغان ياكى لاي-لاي ئەمەس، قۇلاقنى تۇتۇپ ئېيتسا بولىۋېرىدىغان.

شېئىر ــ «ھۆكمەت» ئەمەس، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئوقۇسىلا بولىۋېرىدىغان ياكى ماتا ئەمەس، دۇكان قۇرۇپ توقۇسىلا چىقىۋېرىدىغان.

شېئىر ــ كەشتە ئەمەس، رەڭدار مەشۇت بىلەن لاتىغا تىكىپ قويىدىغان ياكى سۈرەت ئەمەس، قەغەزگە سىزىپ قويسىلا بولىۋېرىدىغان.

شېئىر ھەم ھۆسنى، ھەم پۇرىقى، ھەم تىكىنى، ھەم يوپۇرمىقى بار گۈلگە ئوخشىشىپ كېتىدۇكى، ھۆسنى بىلەن دىلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلار؛ پۇرىقى بىلەن جانغا راھەت ۋە ھۇزۇر بەخش ئېتەر؛ ئىشىق ئەھلى ئۇنى قۇلاقىقا قىسار ياكى گۈل دەستە ياساپ جانانغا تۇتار؛ ياۋا توڭگۇز تۇمشۇقىنى تەگكەزسە، تىكىنى ئۇنىڭ بورنىغا سانجىلار، ھەتتا بۇرنىنى قانىتار.

شېئىر ــ ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس، كېچىسى پاقىرىپ كۆرۈنگەن بىلەن نە ئىسسىقى، نە يورۇقى تەگمەيدىغان، شېئىر ــ خۇددى بىر مەشئەلدۇركى، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى ياكى بىر گۈلخاندۇركى، پايانسىز دەشتىلەرنى يورۇتۇپ، سوغدىن تىترىگەن تەنلىرىگە ئارام بەرگۈچى.

شېئىر ــ چۆلدىكى ئالۋۇن(ۋىل -ۋىل) ئەمەس، گاھى كۆك، گاھى دەريا، گاھى شەھەر، گاھى گىياھ بولۇپ كۆرۈنگەن بىلەن قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان.

شېئىر ــ بىر قاينام بولاقتا ئوخشىشىدۇركى، تەشنالارغا ئارام، دەردمەنلەرگە داۋا، بىمارلارغا شىپا، غەمكىنلەرگە شادلىق، ئاجىزلارغا ئۈمىد ۋە كۈچ بەخش ئەتكۈچى.

شېئىر ئەللەي ناخشىسى ئەمەسكى، ئاڭلىغانسىرى كىشىنى مۈگدەك باسىدىغان. شېئىر - بىر گۈلدۈرمامىدۇركى، ئۇنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ، خامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغاتقاي؛ كىشىنى سەگەك قىلىپ جەڭگە ئۈندىگەي، ئەبەديي ھاياتقا چاقىرغاي!

شائىر ــ قاغا ئەمەس، كۆرۈنگەن دەرەخكە قونۇۋېلىپ قاقىلدايدىغان. شائىر - خۇددى تاڭ توخۇسىدۇركى، كېچىچە تاڭنى تىللاپ تىنماس؛ تاڭ ئاتقاندا، ئەلنى ئىشقا، ھاياتقا، ئەمگەك ۋە ئىجاتقا ئۈندەر. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ «ئالتۇن خوراز» ھەققىدە قىسسە - رىۋايەتلەر توقۇشى، شەھەر دەرۋازىلىرى بىلەن قەسىر- ئايۋان مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، ھالبۇكى، جاھان - جاھان بولغاندىن بۇيان، ھېچكىم تېخى قاغىنىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقىلى يوق.

شائىر ــ تۇتىقۇش ئەمەس، نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى دورايدىغان ياكى ئۆمۈر بويى دوراشتىن بۆلەكنى بىلمەيدىغان.

شائىر ــ چىن مەنىسى بىلەن بۇلبۇلدۇر. بۇلبۇل ھېچقاچان باشقا قۇشلارنى دورىمايدۇ، باشقا قۇشلارمۇ بۇلبۇلنى ھەرگىز دورىيالمايدۇ. چۈنكى، بۇلبۇلنىڭ ئۆز تىلى، ئۆز سۆيگۈسى، ئۆز تەپەككۇرى ۋە ئۆز تۇيغۇسى بار.

شائىر ــ كېپىنەك ئەمەس، كۆرۈنگەن گۈلنىڭ ھەممىسىگە پەرقسىز قونۇپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت ئىزلەشنىلا بىلىدىغان، شائىر - چىراغ پەرۋانىسىدۇركى، ھالاك بولۇشىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغۇچى.....

شائىر ــ شاھ ۋە سۇلتانلارنىڭ نازۇنېمەتكە تولغان داستىخانلىرى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان

ياكى زاھىتلارنىڭ ئېتىكىدە خورۇلداپ ياتىدىغان مۇشۇك ئەمەس، بەلكى پايانسىز دەشتىلەردە ئەركىن كېزىپ يۈرىدىغان تەمەسسىز ئارسلاندۇركى، ئۇنىڭ بىر ھۆكۈرىشى بىلەن تاغۇ تاشلار زىلزىلىگە كېلىپ، تۈلكە بۆرىلەر ھوشىنى يىغماي، «پادىشاھ نېكولاي ئۇستەلگە بىر مۇشت ئۇرغاندا، پۈتۈن ئوردا ئىچى تىترەپ كېتەتتى؛ لېف تولستوي ئۇستەلگە بىر ئۇرسا، پۈتكۈل رۇسىيە زىلزىلىگە كېلەتتى» دېگەن رىۋايەت مۇبالىغە بولمىسا كېرەك. چۈنكى، لېف تولستوي شېئىر يازمىغان بىلەن چىن شائىر ئىدى.

شائىر پەقەت خەلق بىلەن، پەقەت خەلق بىلەنلا شائىردۇر ۋە مەڭگۈ ئۆلمەستۇر. مەسىلەن: چۈي يۈەن بىلەن ئەلىشىر ناۋايى؛ لىبەي بىلەن پۇشكىن؛ بايرۇن بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش.

1980 ـ يىلى 23ـ ئۆكتەبىر.

## ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك

### مۇقەددىمە

بىر زامانلاردا مەنمۇ سىزدەك ياش ئىدىم،
ياشلىقىم غۇرۇرىدىن بەڭۋاش ئىدىم.
گاھ يۈگەنسىز شوخ- ئاساۋ بىر تاي كەبى،
گاھ بۇلۇتلار ئىچرە ئۈزگەن ئاي كەبى.
تەلپۈنەتتىم ھەرنەپەس مۇشتاق بولۇپ،
ئارزۇ دەرياسىغا قانماق بولۇپ.
بىر زامان تەكلىماكانغا ئىشتىياق ــ
قوزغىلىپ، قويدۇم ئاتقا دادىل ئاياق.

تەلىيىمگە ھەمراھىمىزمۇ بار ئىدى ــ
كى، خوتەن كارۋانلىرى تەييار ئىدى.
قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز ماڭدۇق ئۇزاق،
گاھى ئاتلىق، گاھ ئىشەكلىك، گاھ ياياق.
بىزگە يول باشلار ئىدى ھېچ تېنىمەي،
كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن بىر بوۋاي.
ئاخشىمى سۆكسۆك قالاپ، گۈلخان يېقىپ،
سوزۇلۇپ ئارام ئېلىپ چۆلدە يېتىپ،
گاھ ھىكايەت ئاڭلىشاتتۇق، گاھ راۋاب،
ئۇچرىسا چۆلدە كىيىك يەيتتۇق كاۋاپ ...

بىر كۈنى تۈشكۈن قىلىپ قونغاندا بىز،
بەك قىزىق بىر چۆچەكنى ئېيتتى بوۋىمىز.
بەلكى بۇ چۆچەكنى سىزمۇ ئاڭلىغان،
ياكى بىر مەلۇم كىتابتىن ئوقۇغان.
كونىراپ قالماس لېكىن ھەق گەپ پەقەت،
گەرچە تەكرار بولسىمۇ بىر نەچچە رەت،
چۈنكى كۆپ سۈرتكەنسېرى ئەينەكنى بىز
شۇنچە روشەن بولغۇسى ئۆز ئەكسىمىز.
يەنە ھەر گۈلنىڭ پۇراقى ئۆزگىدۇر،
گۈل خۇمارلار دىماغى ھەم ئۆزگىدۇر.

شۇڭا، ئۇ چۆچەك مېنىڭدە كەتمىگەي،

ئاڭلىغاننى باشقىلارمۇ ئاڭلىغاي ــ

دەپ بۇگۈن تۈزدۈم بايانىغا قوشاق،

بولسىمۇ نۇقسىنى گەرچە بىر قۇچاق.

1

بار ئىكەن تەكلىماكاندا بىر شەھەر،

بۇ شەھەرنى دەر ئىكەن شەھرى قەمەر.

تا قەدىم <<يىپەك يولى >> دا كۈن ۋە تۈن

شەرق بىلەن مەغرىب ئارا بولغاچ تۈگۈن.

پۇر كېتىپ داڭقى جاھانغا دەممۇ دەم،

بولۇپتۇ ئەلنىڭ نەزىرىدە مۆھتەرەم.

ھەيۋىتى ھەم قەسرىدەك كاشانىسى

شۇ زامان بازارىنىڭ يىگانىسى.

كوچىلارغا سايىۋەن چىنارلىرى،

بويلىشىپ بۇلۇت بىلەن مۇنارلىرى،

چېلىنار كۈن ئالدىدا بوم قوڭغۇراق،

تارقىلار ئارچا ئىسىدىن خۇشپۇراق.

چۆرىسى خۇددى ئۇنىڭ باغى ئەرەم،

باغ ئارا رەيھان پۇرايدۇ سۇبھى دەم.

تاغلىرىدا قاشتېشى ھەم كەھرىۋا،
سۆپسۈزۈك مەرمەر بىلەن ياقۇت تولا.
سۇلىرى ئاندىن شىپالىق، جىلۋىگەر،
زەر چاچار ھەر مەۋجۇدە شامۇ سەھەر.
ئوتلىشار بۇغا ــ مارال پادا ــ پادا،
قۇشلىرى پەرۋاز قىلار كەڭ دالادا.
خەلقى كۆپ مەشھۇر ئىكەن ھۈنەر بىلەن،
قىز جۇۋانلار بەسلىشەر ئەرلەر بىلەن.
شايى ــ ئەتلەس، زىلچىسىدىن دەممۇ دەم
رەشك بىلەن ھەيران ئىكەن ھىندۇ، ئەجەم
شاھىمۇ ئۆز تەختىدە مەسرۇر ئىكەن،
ئامىتى، ئىقبالىدىن مەغرۇر ئىكەن.
ئۆزىمۇ تاۋغاچقا تەۋە شاھ ئىكەن،
بولسا تاۋغاچ بىر دەرەخ، ئۇ شاخ ئىكەن.
ھەممىدىن تاۋغاچ خانىغا كۆيئوغۇل ــ
بولغىنى ئۈچۈن، سۇ ئىچىپ ئاندىن كۆڭۈل،
ئۆتكۈزەركەن ئۆمرىنى بىدەرت بىغەم
لىك تولا قىيىنايدىكەن بىرلا ئەلەم.
چۈنكى بىر ئوغۇل يۈزىنى كۆرمەي ھۈنۈر،
باشلىنىپ قاپتۇ ئۆمۈر باغىدا كۈز.
ئاھ چېكىپ، ھەسرەت چېكىپ، ئەپغان بىلەن،
ئۆزىتىپ يىللارنى شۇ ئارمان بىلەن،

ئاخىرى يالغۇز قىزىنى پادىشاھ ــ
تەختىنىڭ ۋارىسى دەپ قىپتۇ جاكار.
شاھ قىزى ھۆسنى جامالدا ھۆر ئىكەن،
بەلكى كۆپ ئەللەر ئارا مەشھۇر ئىكەن.
بىر كۆرۈپ قالغان كىشى بوپتۇ ئادا،
ئىككى كۆرسە قىلغۇسى جاننى پىدا.
كۈن بىلەن ئاي تەڭلا چىققاندەك شۇدەم،
ھۆسنىگە ئەمدى قوشۇلغاچ تاجى ھەم.
بىر بىرىدىن قىزغىنىپ بەگزادىلەر،
ئەڭ يىراق ئەللەردىكى شەھزادىلەر ــ
ئەلچىسى بىرلە تولۇپ كەتكەچ شەھەر،
پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر.
قارىسا بىر ـ بىرىدىن ئالىي مۇقام،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق گەپنى تامام؟
ئاخىرى قىزىغا بېرىپ ئەركىنى شاھ،
قىپتۇ خىلۋەتخانىنى باشقا پاناھ.
رازىلىق بىلدۈرمىگەچكە قىز بىراق،
تارقىلىپتۇ بەزى بەگلەر ھەر قاياق.
بەزىلەر ئاڭلاپ بۇ قىز جاۋابىنى
باشلىشىپتۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت بابىنى.
بەزىلەر ئۈزمەي ئۈمىد قىپتۇ داۋام،
شاھ قىزىغا ھەر كۈنى يوللاپ سالام.

شۇ يوسۇن بىر نەچچە ۋاق ئۆتكەن ئىمىش،
ئاقىۋەتتە يۈز بېرىپتۇ غەيرىي ئىش.

2

شۇ شەھەرنىڭ چېتىدە بىر تۇل ئايال ــ
كۈن كۆرەركەن ئوغلى بىرلە قەدرى ــ ھال.
ئوغلى بىر پالۋان يىگىت بوپتۇ ئۆسۈپ،
ئەل ئىچىدە ئاتىسىغا ئىز بېسىپ.
گاھىدا يەر باغرىنى تىلغايدىكەن،
گاھىدا چۆلدە كىيىك ئوۋلايدىكەن.
بىر كۈنى قاچقان كىيىككە دۈچ كېلىپ،
يىقىتىپ تۇرغان ئىكەن ئوقيا ئېتىپ،
دەل شۇ چاغدا چۆل تەرەپتىن بىر پەرى،
بىر پەرىكىم، بارچە گۈللەر دىلبىرى،
قولدا ئوقيا، بەلدە خەنجەر پارقىراق،
ئاستىدا چىلان تورۇق شوخ ئارغىماق،
قوغلىشىپ كەپتۇ كىيىكنى بىتۇيۇق،
بۇ يىگىتنىڭ ئاتقىنىدىن خەۋىرى يوق،
ئۇ پەرى بىلگەچ كېلىپ ئىشنىڭ سىرىن،
ئاتقۇچىغا دەپتۇ دەرھال ئاپىرىن.
ئۇ يىگىت، ئاتلىق پەرىگە بىر قاراپ،

تېڭىرقاپ قاپتۇ گوياكى كۆز قاماپ،
"نېمە بۇ، ئادەممۇ ياكى ئۆزگە سىر؟
ياكى كۈندۈز ئۇچرىغان شۇئىقەدىر؟
ئادىمى بولسا ئەگەرچە، ئېھتىمال،
شاھ قىزىدۇر "دەپ يىگىت قىپتۇ خىيال.
شۇ مەھەلدە ئارقىسىدىن ئات قويۇپ،
بىپايان چۆللەر ئارا چاڭ توزدۇرۇپ،
يېتىشىپ كەپتۇ يەنە بىر توپ پەرى،
خۇددى باغنىڭ گۈللىرى ئىكەن ھەر بىرى.
ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ نىزان بىلەن،
شاھ قىزىغا باش ئېگىپ ئېكرام بىلەن،
قوشتۇرۇپ قول تۇرغۇدەك قاتار ـ قاتار،
بويلىرى گويا يېڭى ئۆسكەن چىنار.
دەل شۇ چاغ ئۆلگەن كىيىكنىڭ جۆرىسى ـ
كۆرۈنۈپ قاپتۇ يىراقتىن قارىسى.
شاھ قىزى ھەم كېنىزەكلەر شادىمان،
ئات قويۇپتۇ تۇشمۇتۇشتىن شۇ تامان.

ئەلقىسسە، شۇ بايىقى مەرگەن يىگىت،
ئەمدىلەتتىن ھوشىغا كەلگەن يىگىت
باشقىچە ھالغا چۈشۈپ ناگىھان،

خۇددى ئەمدى قالمىغاندەك تەندە جان.

بىر تۇرۇپ ئاھ دەيدىكەن مىڭ تولغۇنۇپ،

بىر تۇرۇپ پاھ دەيدىكەن باغرى كۆيۈپ،

ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن نېمە بولغىنىنى،

نېمە دەرد، نېمە بالاغا قالغىنىنى.

بىرلا دەرد قىينايدىكەن بارغانسېرى،

شاھ قىزىنىڭ سۈرىتى كەتمەي نېرى.

ئۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال، شۇ ۋەسۋەسە،

چۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال، شۇ تەلۋەسە.

شۇ ئىكەن جاننى قىسىپ ئىسكەنجىدەك

ھەم غىدىقلاپ قىينىغان تىلسىز تىلەك.

قىسقىسى مەرگەن يىگىت شۇنىڭدىن بۇيان ــ

مۇپتىلالىق ئوقىغا بوپتۇ نىشان،

نە شىكار، ئېتىز ئىشى، نە كالىسى

يادىغا كەلمەيدىكەن نە ئانىسى.

كۇنبويى ئاھ دەپ يۈرۈپ، ۋاھ دەپ يۈرۈپ،

تۈن بويى پەرياد بىلەن پاھ دەپ يۈرۈپ،

سارغىيىپ چىرايىمۇ بوپتۇ سامان.

راست ئەمەسمۇ" ھەممىدىن كۆيۈك يامان "،

3

نە تېۋىپ، نە پىرىخون، نە بىر دۇئا ــ
بولمىغاچ بۇ غەلىتە دەردكە داۋا،
ئانىسى مىڭ يالۋۇرۇپ، مىڭبىر سوراپ،
ئاڭلىماققا بوپتۇ ئوغۇلدىن بىر جاۋاب،
ئاخىرى يىغلاپ ئوغۇلمۇ زارۇزار،
قىپتۇ سىرنى ئانىسىغا ئاشكار.

ئانىسى كۆز ياش تۆكۈپ تارام ــ تارام،
دەپتۇ:" جان باغرىم، جىگەر پارەم بالام،
شۇنچە دەركە قالغىنىڭغا مەن سەۋەب،
چۈنكى سەندىن سورىمىدىم ھالىڭ نە دەپ.
نە قىلايكى، تۇل خوتۇن بىچارىمەن،
كاج پەلەك رەپتارىدىن ئاۋارىمەن.
ھەر يىلى بەك قىسقا كەلدى قولىمىز،
ھېچ ئېچىلماي ياخشى ئىشقا يولىمىز.
گەر ھايات بولسا داداڭ ئۇ رەھمەتتى
( چوڭ ئىدى ھەر ئىشتا ھىممەت غەيرىتى ).
ھالىمىز بولماس ئىدى مۇنچە يامان.
ھەم سېنى ئۆيلەر ئىدۇق ئاللىقاچان.
ھېلىمۇ بولساق ئامان، بۇ كۈز چوقۇم،
سادىغاڭ بولسۇن بالام بارۇ يوقۇم.
شەھىرىمىزدە قىز تولا گۈل غۇنچىدەك،

تېگى ـ تەكتى پاكىزە ھەم ئۇنچىدەك.
ئەتىلا ئۇمىد بىلەن ئۆيدىن چىقاي،
تەلىيىڭنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقاي.
شاھ قىزىنى ئويلىما ئوغلۇم لېكىن،
ئاينى ئالماقتىنمۇ بۇ بىزگە قىيىن.
ھەر كىشىنىڭ ئۆز خىلى، ئۆز جورى بار،
كونا تۇگمەن چېغىدا ئۆز نورى بار.
شاھ قىزى بولماس ساڭا ھەرگىز قاياش.
تاڭسىمۇ تۇرماس ياغاچقا چۇنكى تاش."

شۇ يۇسۇن قىلسا نەسىھەرلەر ئانا،
ھېچ پىسەنت بولماپتۇمىش لېكىن ئاڭا.
ئەكسىچە، ئەزۋەلىشىپ بارغانسېرى،
يەر قۇچاقلاپ، باش كۆتۈرمەي، ئاخىرى ـ
دەپتۇكى:" گەر شاھ قىزى بولماس نېسىپ،
ئۇشبۇ دەردتە ئۆلسەم ئەمدى نە ئەجەپ،
ياخشىسى مەندىن رىزا بولغىن ئانا،
قىسمىتىم شۇ بولسا ئەمدى، ئەلۋىدا!"
ئاقىۋەت بىچارە مەزلۇم باغرى خۇن،
شۇ نادان، تەرسا ئوغۇلنىڭ كۆڭلىچۇن،
تا ئۆلۇمگە ھەم تەۋەككۇل ئەيلىبان،

ئوردىغا دادىل قەدەم بوپتۇ راۋان.

4

ئەلقىسسە، ئۈچ كۈن ئۇدا ئوردا ئالدىنى -
سۈپۈرۈپ قىلغاندا ئىزھار دادىنى.
شاھقا يەتكەچ بۇ خەۋەر، قىپتۇ قوبۇل،
بولسىمۇ بۇ ئەلچىدىن كۆڭلى مەلۇل.
مەيلى دەپ ئۇ شاھمۇ بۇزماي ۋەدىسىن،
چىللىتىپتۇ ئالدىغا مەلىكىسىن.

شاھ قىزى ھەيران بولۇپ قىپتۇ سوئال:
" كىم تەرەپتىن كەلدىڭىز، بۇ نېمە ھال؟"
شۇندا ئۇ بىچارە مەزلۇم ناتىۋان،
شاھ قىزىغا ھەممىنى قىپتۇ بايان.
شاھ قىزى مەرگەن يىگىتنى ئەسلىگەچ،
قەھقەھە بىرلە كۈلۈپ مەسخىرلىگەچ.
دەپتۇ كىم: شۇ ئوغلىڭىز كەلسۇن كۆرەي،
ھەم جاۋابىنى ئۆزىگە روشەن بېرەي.

ئوردىدىن قايتقاچ ئانا مىڭ غەم بىلەن،
نەملىشىپ كىرپىكلىرى شەبنەم بىلەن.

شاھ قىزنىڭ گەپلىرىن قىپتۇ بايان،
ھەم ھاقارەت قىلغىنىن تۇتماي نىھان.
شۇندىمۇ گەپكە پىسەنت قىلماي يىگىت،
ئانىنىڭ كۆز يېشىغا باقماي، ئىسىت،
خۇددى مەست پىلدەك چىقىپ ئۆيدىن گاراڭ،
ئوردىغا ئۇمىد بىلەن بوپتۇ راۋان.

شاھ قىزى كۆرگەچ يىگىتنىڭ ھالىنى،
ھېچ تاپالماي قايتۇرۇش ئامالىنى،
ئويلىنىپ بىردەم، ئاڭا دەپتۇ كېيىن:
" تويلۇقۇمغا كۈچىڭىز يەتمەسمىكىن؟"
" قېنى، - دەپتۇ ئۇ يىگىت، - ئاڭلاپ كۆرەي،
گەر كېرەك بولسا بۇ جاننى ھەم بېرەي."
" ياخشىسى،- دەپتۇ ئۇ قىز، - سىز سورىماڭ،
مەنمۇ ئېيتماي، جېنىڭىزنى قىينىماڭ.
سىز ئەمەس، مەنمەن دېگەن بەگ چېغىدا،
ئاڭلىسا، قالغاي پۇشايمان دېغىدا."
" مەيلى، - دەپتۇ ئۇ يەنە، - ئاڭلاپ كۆرەي،
نېمە بولسا ھەم ئۆزۈمنىڭ شورى دەي."
شاھ قىزى دەپتۇ ئاخىر:" ئۆز مەيلىڭىز،
خۇن تۆلەشكە بولسا شۇنچە رەيىڭىز.
ئانىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ھازىرغىنا،

يۈرىكىنى ئەپكىلىڭ ئىسسىقىنا.
تويلۇقۇم شۇلدۇر مىنىڭ، بۇ سۆز تامام،
پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، ۋەسسالام!"

5

ئوردىدىن قايتقاچ ئوغۇل ھالى خاراب،
"نېمە گەپ؟" دەپتۇ ئانا ئەھۋال سوراپ.
ئوغلى دەپتۇ: جان ئانا كۆپ قىيىنماڭ،
تويلۇقى ئېغىر ئىكەن، گەپ سورىماڭ.
" قېنى ئېيت، ئاڭلاپ باقاي،- دەپتۇ ئانا
-مۈشكۈلۈڭنى ھەل قىلار قادىر خۇدا."

شۇندا ئۇ تەرسا يىگىت كۆپ ئويلىماي،
ھەممىنى ئېيتقان ئىمىش گەپ ئايىماي ...
" جان بالام غەم يېمىگىن، - دەپتۇ ئانا، -
سەن ئۈچۈن ھەممە نېمەم تەييار مانا.
گەر مۇرادىڭ مەن بىلەن ھەل بولسا، تا -
بۇ مىنىڭ ئىسسىق جېنىم بولسۇن پىدا.
بىر ئەمەس، مىڭ بىر يۈرەك بولسا بېرەي،
ئال بالام، تەسەددۇقۇڭ مەن بولاي!"

شۇندا بارچە يەر ــ جاھان، بارچە ھايات،

تاكى ئۇ چەكسىز سامادا كائىنات.

نېمى قىلاركىن بۇ يىگىت ئەمدى دىيان،

كۈتكىنىدە ئاقىۋەتنى، ناگىھان.

ئەقلىدىن ئازغان يىگىت قولدا پىچاق ــ

ئانىنىڭ ئالدىغا تىز كەپتۇ... بىراق،

شۇ زامان بوران چىقىپ، يەر سىلكىنىپ،

كۆكتە گۈلدۈر ھەمدە چاقماق چېقىلىپ،

ياغسىمۇ دەھشەتتە يامغۇر كەينىدىن،

شۇندا ھەم يانماي ئۇ قاتىل پەيلىدىن،

ئاخىرى قانلىق يۈرەكنى سۇغۇرۇپ،

ئوردىغا ئوقتەك ئۇچۇپتۇ يۈگۈرۈپ ...

دۈم چۈشۈپتۇ پۈتلىشىپ يولدا بىراق

ھەم يۈرەك ئىرغىپ چۈشۈپتۇ نېرىراق.

شۇندا چوغدەك قىزىرىپ ھەم نۇر چېچىپ،

پارقىراپ تۇرغان يۈرەك ئېغىز ئېچىپ،

دەپتۇ:" جان باغرىم، جېنىم، ئالتۇن قوزام،

بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ جېنىم بالام؟"

بۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئۇشبۇ سادا ــ

دىن شۇئان تەسىرلىنىپ ھەتتا خۇدا،

ئانىلىق مېھرى ئۇچۇن رەھمەت قىلىپ،

شۇم ئەجەلنىڭ نۆۋەتىن ھەم رەت قىلىپ،

ئورنىغا سالغاچ يۈرەكنى قايتىدىن،
ئانا ھەم دەرھال تۇرۇپتۇ جايىدىن.
يوق ئىمىش ئوغلى قېشىدا قارىسا،
ھېچ كىشى بىلمەس ئىمىش ھەم سورىسا.
شۇڭا كۆپ ئىزدەپ ئۇنى سەرسان بولۇپ،
شۇ جۇدالىق دەردىدە ۋەيران بولۇپ،
ئاخىرى ھالىدىن كېتىپ قالغان كېزى،
قايتىدىن ئىش باشلاپتۇ ئاسمان گۈمبىزى.

6

بايىقى قاتىل چۆچۈپ ھەق قەھرىدىن،
باشقا بىر ئەلگە كېتىپتۇ شەھرىدىن.
ئۇندىمۇ بىر پادىشاھلىق بار ئىكەن،
ئەل ئۇنى تاغلار دىيارى دەيدىكەن.
ئۇ شۇ يۇرتتا بىر مۇساپىر ھالىدا،
كۈن كۆرۈپتۇ نەچچە كۈنلەر خالىدا.
بىر كۈنى مىرشەپ تېپىپ ئۇندىن خەۋەر،
تۇتقىلى نۆكەر بىلەن كەپتۇ سەھەر.
شۇندا ئۇ بىر نەچچىسىنى تاش بىلەن،
بەزىسىنى مۇشت ۋە پەشۋا، باش بىلەن
يىقىتىپ، قىلغاچ تامام زىرۇ زەۋەر،

پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھسى ھەم نوقۇل،
ھېلىقى مەلىكىگە باغلاپ كۆڭۈل،
ھەر قېتىم يانغاچ جاۋابسىز ئەلچىلەر،
ئۇخلىماي ھەتتا ئۇ ئەمدى كېچىلەر،
گاھى پۇل، گاھى زۇلۇم قىلماق بىلەن
بەند ئىكەن بىر چوڭ قوشۇن يىغماق بىلەن.
بايىقى تەرسا يىگىت پالۋانلىقى
خۇددى شۇ كۈنلەرگە دەل كەلگەن چېغى؛
شۇ سەۋەبتىن پادىشاھمۇ شۇ كۈنى
" بىر كۆرەي " دەپ، تۇتقۇزۇپ كەپتۇ ئۇنى،
قارىسا، بەستى يوغان بولغان بىلەن،
گەپ ـ سۆزىدىن تولىمۇ نادان ئىكەن.
شۇندىقى لازىم ئىدى دەپ خۇش بولۇپ،
كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىدى قوش بولۇپ.
دەپتۇكىم:" قىلساڭ ئەگەر خىزمەت ماڭا،
كۈلگۈسى دۆلەت گۈلى جەزمەن ساڭا،
چۈنكى ئۇ شەھىرى قەمەر قىلدى نىزا،
بەرمىكىم لازىم بولۇپ قالدى جازا.
شۇندا مەن دارغا ئېسىپ پاشاسىنى،
يەتكۈزەي مەلىكىگە جەزمەن سېنى.

شەرت شۇكى، پالۋانلىقىڭنى ئايىما،
ئۆز دىيارىم دەپ ئاڭا يۈز قارىما!"

شۇندا ئۇ ئەقلى بۇزۇق ئازغىن نادان،
نە نادانكىم، لەنىتى تۇزكور قاۋان،
باغلىبان دۈشمەنگە خىزمەت كەمىرىدىن،
نەچچە ۋاغ تەلىم ئېلىپ جەڭ ھۈنىرىن،
بىر كۈنى باشلاپتۇ ياۋ لەشكىرىنى،
قانغا غەرق قىلماق ئۈچۈن ئۆز شەھىرىنى.

ياۋ تەرەپ پاشاسىمى دەل شۇ كۈنى
قىچقىرىپ خاس مەھرىمىدىن بىرسىنى،
دەپتۇكى:" بىزگە زەپەر كۈلگەن ھامان،
قويما بۇ ئەبلەخنى ھەرگىز تىنچ ـ ئامان.
ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ جايلا ئۇنى،
تۈيمىسۇن ھەم چىقمىسۇن ھەرگىز ئۈنى.
چۈنكى ئۇ ئۆز ئىلىگە سالدى جاپا،
ئەمدى قانداق كۆتكۈلۈك ئۇندىن ۋاپا!"

ئەلقىسسە، ئۇ ياۋنى باشلاپ كىرگەن شۇ كۈن،
قوزغىلىپ چۆللەر ئارا دەھشەت قۇيۇن،
سىلكىنىپ يەرۇ زېمىن، تىترەپتۇ تاغ،

دومىلاپ تاشلار چۈشەرمىش ھەر قاياق.

ئۇرۇلۇپ قىرغاقىا دەريا تاشقۇدەك،

ۋادىدا جەرەن – كىيىكلەر قاچقۇدەك،

ئوركۇشۇپ بارچە ئۇچار قۇشلارمۇ تەڭ،

تىنچ ياتالماي قاپتۇ ھەتتا شەپىرەڭ.

شۇندا بىر بۆرە ئېگىز دۆڭدە تۇرۇپ،

دەر ئىمىش ھۇۋلاپ ئاڭا لەنەت ئوقۇپ:

"ئەي رەزىل ئەبلەخ، سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي،

ئادىمىدىن سەندىكى ھېچ چىقمىغاي.

مەن چېغىمدا ئۆڭكۈرۈم – ئىنىم سايان

باشلىمايمەن دۈشمىنىمنى ھېچقاچان.

گەرچە قان ئىچمەي تاپالماسمەن ئارام،

ئۆز قېرىنداشىم قېنى مۇتلەق ھارام.

شۇمىدى سەندە ئادەملىك خىسلىتى؟

ياغسۇن ئەمدى مەڭگۈلۈك ھەقنىڭ لەنىتى!"

7

شۇ يوسۇندا تا يەتكۈچە ياۋدىن خەتەر،

ئۇيقۇ ئىچرە غەرق ئىكەن شەھىرى قەمەر.

سەلتەنەت تەختىدە شەھ غەپلەت بىلەن،

مەست ئىكەن ھەر كۈنلۈكى ئىشرەت بىلەن.

بولسىمۇ مەلۇم قوشۇن ـ لەشكەرلىرى،
بولمىغانىكەن ئېھتىياتى تەدبىرلىرى.
چۈنكى نە ھاجەت ئۇرۇش دەپ ئويلىغان،
باشقىلارنى ھەم ئۆزىدەك چاغلىغان.
دەل شۇ چاغدا ياندۇرۇپ دەھشەت ئالاۋ
باستۇرۇپ كىرگەچكە ئەلگە ۋەھشىي ياۋ،
ئاندا يانغىن، مۇندا قىرغىن ـ قەتلىئام
ھەم تالان ـ تاراج بىلەن خامان تامام.
ياۋ كېزەر پىتىراپ گويا چېكەتكىدەك،
يەر ـ جاھاننى توزىتىپ يەپ كەتكۇدەك،
قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ يۇرت ئەرلىرى،
كۆپ ئىكەن ھەم زور ئىكەن ياۋ لەشكىرى.
ئاخىرى شەھىرى قەمەر بوپتۇ قامال،
ھەم قامالدىن يوق ئىكەن ئۆزگە ئامال.
گەرچە خانغا كەتسىمۇ دەرھال چاپار،
يول يىراق، تاغلار ئېگىز، قاچان بارار؟
بەختىگە قورغان تېمى بەكمۇ ئېگىز،
تاش بىلەن پۇختا سېلىنغان دەخلىسىز،
ياۋ كىرەلمەي قاپتۇ سىرتتا خېلى كۈن،
تۇمشۇقى تاغقا تېگىپ، ھالى زابۇن،
قىلسىمۇ ياۋ كۆپ ھۇجۇم دەھشەت بىلەن،
قايتۇرار قورغان ئۇنى شىددەت بىلەن.

چۈنكى ئەمدى ئويغىنىپ شەھىرى قەمەر،
ياش ـ قېرى، ئەرۇ ئايال باغلاپ كەمەر،
قوغدىماققا يۇرتىنى يادلاپ قەسەم،
ھەممىسى قويغان ئىدى دادىل قەدەم.

قىلىسىمۇ شۇنچە جاسارەتلەر، بىراق،
تەس ئىدى ياۋنى بوسۇغتىن قوغلىماق.
چۈنكى ياۋنىڭ سېپىدە بىر پەھلىۋان ـ
بار ئىدى، خۇددى بىر غالجىر قاۋان.
ھېچ كىشى بەرداش بېرەلمەي زەربىگە،
" خەپ سىنى " دەپ ئاستا قايتار كەينىگە.
قانچىلارنى شۇ قاۋان قىلغاچ ھالاك،
ئەھلى قورغان ياقىسى كۆپ بولدى چاك.
ئۇ ئىدى شۇ بايىقى ئازغىن نادان،
ئۇ نادان كىم، بايىقى خائىن يۇھان
خەلق ئۇنى دەرھال تونالماي نەچچە كۈن،
شۇ يۇسۇن ئۇ ئەلگە ساپتۇ قارا كۈن.
ئاخىرىدا بەزىلەر يەتكەچ تونۇپ،
قارغىشىپتۇ تۇشمۇ تۇش لەنەت ئوقۇپ.
بەزىلەر " ئەمەستۇ دەپ " تالاشقۇدەك،
بەزىلەر ئانىغا يات قاراشقۇدەك.

8

بىر كۈنى قورغان بېشىدا بەند ئانا،
جەڭ ئىشىغا جان بىلەن پەيۋەنت ئانا.
بىر قاراپ مەيدان ئارا ھاڭ ــ تاڭ بولۇپ،
ھېچ ئىشەنمەي كۆزىگە ھەيران بولۇپ،
توۋا دەپ تۇتۇپ ياقا غەزەپ بىلەن
ئاھ ئۇرۇپتۇ مىسلى يوق بىر دەرد بىلەن:
" ۋاي ئىسىت، نېمىدەپ سېنى تۇغقاندىمەن !؟
نېمىدەپ ئاق سۈت بېرىپ باققاندىمەن !؟
شۇمىدى سەندىن يېتەر ئەلگە ۋاپا؟
بالىمەس، بولدۇڭغۇ يۇرتقا بىر بالا!"
دەپتۇ ــ دە، ئوتتەك يېنىپ غەمكىن كۆزى،
تاشقىرى چىققان ئىمىش تەنھا ئۆزى.

قولدا تىغ، ئات ئوينىتىپ تۇرغان قاۋان
تونۇغاچ ھەم ئانىنى كۆرگەن ھامان،
ئېتىدىن دەرھال چۈشۈپ، رەڭگى ئۆچۈپ،
يۈگۈرۈپتۇ ئالدىغا ئوقتەك ئۇچۇپ.
كەپتۇ ــ دە، قۇچاق ئېچىپتۇ ئانىغا،
تاش كەبى قاتقان ئىكەن لېكىن ئانا.
ئانىنىڭ ئۆتكۈر نىگاھى نەيزىدەك ــ

سانجىلىپ تۇرغاچقا كۆزگە يەكمۇ يەك،
تىزلىنىپتۇ ئاخىرى ئۇ شۇم قاۋان
تىترە ـ تىترە بار ۋۇجۇدى، باش تۆۋەن.
شۇ مىنۇت جىم بوپتۇ بارچە يەر ـ جاھان،
نە جاھان، جىم بوپتۇ ھەتتا ئاسمان.
مۇندا قورغان ئەھلى جىم ھەيرەت بىلەن،
ئاندا دۈشمەن تىترىشەر دەھشەت بىلەن.
شۇ سۈكۈنات ئىچرە ئۇ قەيسەر ئانا
بۇرچىنى نومۇس بىلەن ئەيلەپ ئادا،
تىغ ئۇرۇپتۇ ياۋغا قايناپ نەپرىتى،
دۈم چۈشۈپتۇ شۇ زامان ئۇ لەنىتى.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ئىش بوپتۇ تامام،
ياش تۆكۈپتۇ ئانا ھەم تارام ـ تارام.
نە ئۈچۈن ياش تۆككىنىن بىلمەس ئىكەن،
كۆز يېشىنى ئۆزىمۇ سەزمەس ئىكەن.
بىر چىگىش تۈيغۇ بىلەن بىھوش كەبى
يادىغا ھېچ نەرسىمۇ كەلمەس ئىكەن.
دەل شۇ چاغ ۋولقان كەبى پارتىلاپ شەھەر
ئېتىلىپتۇ ياۋغا قارشى سەرمۇ سەر.
ئانىمۇ شەمشەر بىلەن جەڭگە كىرىپ،
ئەل بىلەن ئالغا مېڭىپتۇ سەپ يېرىپ.
پىترىشىپ ياۋ ھەر قاياققا ئۇرۇنار،

خۇددى بىر باشسىز يىلاندەك تولغىنار.

باستۇرۇپ قوغلار ئۇنى تاشقىن قىيان،

ياۋ قاچار يېتىراپ پەرىشان ھەر تامان.

خاتىمە

سۆز تامام بولدى مانا، چۆچەك تامام،

ئەمدى نە ھاجەت ئىزاھات، ۋەسسالام.

ھەر كىشى قىلسا تەپەككۇرنى ھەۋەس،

بۇ جاھاندا ھېچنىمەرسە سىر ئەمەس.

جان نېمە، جانان نېمە، ۋەتەن نېمە؟

ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نېمە؟

يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ،

گۆش ـ تېرە، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نېمە؟

شول ئىرۇر بۇ چۆچەكىمنىڭ خاتىمى،

مەنىسىگە يەتسە گەر ھەر ئادىمى

مەن ئەمەسمەن ئاق بايراق

1

كۈمۈش كەبى يالتىراق،

مەرۋايىتتەك پاقىراق.

بىر چوققا بار ئاسمانغا مەغرۇر بېشى تاقاشقان،
ئۇنىڭ ئېتى خانتەڭرى، تەڭرىتاغقا جايلاشقان.

مەشرىقتىن چىقسا ئاپتاپ،
ھەممىدىن ئاۋۋال باشلاپ.
شۇ چوققىنى سۆيىدۇ مەڭزىگە يېقىپ مەڭزىن،
ئۆتۈپ ئۇنىڭ قېشىدىن غەربكە ماڭار ئاندىن.

كېچە بولسا تولۇن ئاي،
ئۆتمەيدۇ ئۇندا قونماي.
يەتتە يۇلتۇز ھەم ھۈكەر، زۆھەل بىلەن مۇشتەرى،
ئۇنى يوقلاپ ئۆتىدۇ تەزىم قىلىپ ھەر بىرى.

ئېرىمەيدۇ قىش ـ يېزى،
ئاق شايىدەك قار ـ مۇزى.
كۆكرىكىگە تاقاقلىق تەبىئەتنىڭ ئەكسى ـ
تاشنى يېرىپ چىققان ئۇ مۆجىزە تاغ لەيلىسى.

شۇلاشقىمۇ بۇ چوققا،
بەزى بولۇپ ھۆرلىقا.
كۆرۈنىدۇ كۆزلەرگە ئاق ئېچىلغان گۈل كەبى،
ياكى باھار كۈنلىرى ئاققۇ قونغان كۆل كەبى.

2

بۇنى بىلمەي بىر جاناب،

خانتەڭرىگە بىر قاراپ،

دەپ تاشلىدى:«بۇ چوققا يىراقتىن قارىماققا ـ

ئوخشايدىكەن ئەل بولغان قوشۇن تۇتقان بايراققا».

3

خانتەڭرى بۇنى ئاڭلاپ،

كۈلۈۋەتتى قاقاقلاپ.

دېدى: نەدە چوڭ بولغان بېشى قاپاق جاناب سىز،

قۇلاق سېلىڭ قالمىغاي بۇ گېپىڭىز جاۋابسىز.

دەرۋەقە ئاق مەن ئۆزۈم،

ساقال، چېچىم ھەم يۈزۈم.

لېكىن ھەرگىز ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق،

تەبىئىتىم ـ مىجەزىم ئاق بايراقتىن بەك يىراق.

ئادەم ئاتا ھەم ھاۋا،

جەننەتتىن چىققان چاغدا.

تۇنجى تۇغۇلغان ئوغلى مەن ئىدىم بۇ زېمىندا،

بوز ئېچىپ، ئۇرۇق چاچقان يېشىل ۋادى تېرىمدە.

نوھنىڭ كېمىسى توپاندا،
يول تاپالماي ئازغاندا.
ئاغزىمغا زەيتۇن چىشلەپ بارغان كەپتەر مەن ئىدىم،
ھاياتلىقنىڭ نىشانى ـ ئاشۇ خەۋەر مەن ئىدىم.

قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر
باشلاپ كەلگەندە خەتەر،
ئۇنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ قويغان مەن ئىدىم،
شەرقلىقنىڭ كۈچىنى تونۇتۇپ قويغان مەن ئىدىم.

يىپەك يۈكلىگەن كارۋان
قوڭغۇراق جاراڭلاتقان،
ئاشۇ قەدىم يوللاردا ھەم قورۇقچى ـ پاسىبان،
ئاش ـ تۇز بېرىپ كارۋانغا ھەم بولغانتىم ساھىبخانا.

ئەي جانابى مۆھتەرەم،
بىلىپ قويۇڭ شۇنى ھەم.
تارىخ دېگەن كىتابنىڭ خېتى مەندە پۈتۈلگەن،
نى ـ نى چىگىش تۈگۈنلەر مېنىڭ بىلەن يېشىلگەن.

قەغەز، كومپاس، مەتبەئە،

دورا دېگەن مۆجىزە.

مەندىن ئۆتۈپ جاھانغا تارالغان ھەم كېڭەيگەن،

مەدەنىيەت بۆشۈگىن ئۆز قولۇمدا تەۋرەتكەن.

4

دېمەك تا ئەلمىساقتىن

بېرى بار مەن ئۇزاقتىن.

شۇڭا بېشىم ئاقارغان، ھەتتا كىيگەن تونۇم ئاق،

لېكىن ئۆزۈم ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق.

بۇ ھۆر زېمىن ۋەتىنىم،

ئاڭا باغلىق جان - تېنىم.

چاچ - ساقالىنىڭ ئاقلىقى -- تارىخ قەسىرنىڭ ئۇلى،

كۆككە تاقاشقان بېشىم شۇ ۋەتەنىنىڭ سىمۋولى.

قارا بۇلۇت توسسىمۇ،

چاقماق كېلىپ سوقسىمۇ.

ئىگىلمەستىن بۇ بېشىم مەغرۇر تۇردى ھەممە ۋاق -

قانداق قىلىپ مەن ئەمدى بولۇپ قالاي ئاق بايراق.

قەلبىم قىزىل چوغ تۇرۇپ،
قىزىل تۇغنى كۆتۈرۈپ.
كېتىۋاتسام مەيداندا ناخشام، غالىب ياڭراق،
قايسى يۈزىڭىز بىلەن مېنى دەيسىز ئاق بايراق.

باھار چىللايمەن

مۇزلاق كوچىنىڭ تاملىرى قىيسىق،
مەھزۇن شەھەرنىڭ دەملىرى سىقىق،
بۇلۇڭ - پۇشقاقنى قويماي چارلىدى،
قىشنىڭ ساقچىسى چېلىپ ئىسقىرىق،

كۈننىڭ ئەپتى يوق ھاۋا تۇمانلىق،
يەرلەر تىترىشۇر، مۇزلىغان جانلىڭ،
ھەرنە شاتلىقتىن جۇدادۇر ھايات،
ئاڭلىنۇر ھەر ئۆيدىن مۇڭلۇق پىغانلىق.

كۆزلەر غەزەپلىك قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ دېمى سىقىق يا ئۈزۈك،
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىللاپ،
ئاچچىق ئۈن بىلەن چالاتتى گۈدۈك،

تۇرخۇن تۇۋىدە يېرتىق كۆن ئۆتۈك،
چورۇق تىترەيدۇ تاپىنى تۆشۈك،
مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سېرىق،
قوللار سۇنۇلغان بويۇنلار پۈكۈك.

دوقمۇش-دوقمۇشتا چولاق كەتمەنلەر،
دۈگدىيىپ يۈرگەن يىرتىق چەكمەنلەر،
پارچە نانغا زار تىلى قان كۆزلەر،
شەرقلىرى سۇنۇق يەمسىز تۈگمەنلەر،

مۇزلامىش شەھەر، مۇزلامىش ئىنسان،
قوۋۇقلار سۇنۇق كونا بىر مازار،
شەھەر ئۈستىدە لالما بۇلۇتلار،
ئوزۇق ئىزلىشىپ قىلىدۇ شىكار.

كۆزلەر غەزەپلىك قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ يىپى ئۈلاق يا ئۈزۈك،
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىللاپ،
ئاچچىق ۋارقىراپ چالىدۇ گۈدۈك،

زىرىككەش جانلار بۇ زىمىستاندىن،
جانۇ- جانىمدىن باھار چىللايمەن.

تۈنلەر كېچىسى ھۇۋۇلىغان شىردەك،

ئاھ! پىغانىمدىن باھار چىللايمەن.

نە تاقىتىم بار نە سەۋرىم ئەمدى،

قايناق بىر قازان يۈرىكىم ئەمدى،

گويا بىر ۋۇلقان تىلىكىم ئەمدى،

شۇ ۋۇلقانىمدىن باھار چىللايمەن.

ئۆلۈمدىن ئاتۇق يىغلاپ ئولتۇرماق،

مىراسىمىدۇ بۇ ياشلار ئاققۇزماق،

خائىنلار ئىشى باش ئېگىپ تۇرماق،

پاك ۋىجدانىمدىن باھار چىللايمەن.

شۇنى كۈيلەيمەن زىمىستاندىمۇ ،

تىلىم زەنجىردە باغلانغاندىمۇ،

كۆكرەككە نەيزە قادالغاندىمۇ،

ئىسسىق قېنىمدىن باھار چىللايمەن.

ئۈمىدىم بۈگۈن خىيالدىن يۈكسەك،

ئۈمىد باغىدا ئاتتى كۆپ چېچەك،

خىيالدىن ئارتۇق تاشقىن بۇ تىلەك،

كۈرەشچان تاغدىن باھار چىللايمەن.

باھار چىللايمەن، باھار چىللايمەن،
خەلق بەختىگە بىر يار تىلەيمەن،
ئارزۇيۇم باھار، ئۈمىدىم باھار،
ئۇندىن ئۆزگىگە كۆڭۈل بۆلمەيمەن.

باھار چىللايمەن، باھار چىللايمەن،
خەلقمۇ شۇ شۇنى كۈيلەيمەن،
بوۋامىمۇ ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەن،
ئۇندىن ئۆزگىنى نېچۈك سۆيەيمەن...؟

باھار چىللايمەن تۈنلەر كېچىسى،
مەيلى توزۇسۇن ئۆمرۈم غۇنچىسى،
رازىمەن شۇنىڭدىن قىلچە ئارمان يوق،
بولالىسام مەن خەلق مۇڭچىسى .....

مۇزلىغان شەھەر

(ئۈرۈمچىنىڭ قىشى)

مۇزلاق كوچىنىڭ تاملىرى قىيسىق،
مەھزۇن شەھەرنىڭ دەملىرى سىقىق.

بۈلۈڭ ــ پۇچقاقنى قويماي چارلىدى ــ

قىشنىڭ ساقچىسى چېلىپ ئىسقىرىق.

كۈننىڭ ئەسىرى يوق، ھاۋا تۇمانلىق،

يەرلەر تىترىشۈر، مۇزلىغان جانلىق.

ھەر نە شادلىقنىڭ جۇدادۇر ھايات،

ئاڭلىنار ھەر ئۈن مۇڭلۇق، پىغانلىق.

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،

ھاياتنىڭ دېمى سىقىق ۋە ئۈزۈك.

مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىرلاپ

ئاچچىق ئۈن بىلەن چالاتتى گۈدۈك.

تۈرخۈن تۈۋىدە يىرتىق كۆن ئۆتۈك،

چورۇق تىترەيدۇ تاپىنى تۆشۈك.

مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سېرىق،

قوللار سۇنۇلغان، بويۇنلار بۆكۈك.

دوقمۇش ــ دوقمۇشتا چولاق كەتمەنلەر،

دوغدىيىپ يۈرگەن يىرتىق چەكمەنلەر.

پارچە نانغا زار، تىلىققان كۆزلەر،

چەرخلىرى سۇنۇق يەمسىز تۈگمەنلەر.

مۇزلارمىش شەھەر، مۇزلارمىش ھېسار،
قوۋۇقلار سۇنۇق، كونا بىر مازار.
شەھەر ئۇستىدە لالما بۇلۇتلار
ئوزۇق ئىزدىشىپ قىلىدۇ شىكار.

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۇرۇك،
ھاياتنىڭ يىپى ئۇلاق يا ئۇزۇك.
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىرلاپ
ئاچچىق ۋارقىراپ چالىدۇ گۇدۇك!
1946- يىل 5- دېكابىر، ئۇرۇمچى

ئۇچراشقاندا

(بىر شائىرغا تەقلىد)

سەھەر كۆرگەن چېغىم كۆزۈم سۇلتانىنى،
دېدىم سۇلتانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق.
كۆزلىرى يالقۇنلۇق، قوللىرى خېنىلىق،
دېدىم چولپانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق.

دېدىم ئىسمىڭ نېمە؟ دېدى ئايخاندۇر،
دېدىم يۇرتۇڭ قەيەر؟ دېدى تۇرپاندۇر،
دىدىم باشىڭدىكى؟ دېدى ھىجراندۇر.
دېدىم ھەيرانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم ئايغا ئوخشار، دېدى يۈزۈممۇ؟
دېدىم يۇلتۇز كەبى، دېدى كۆزۈمقۇ؟
دېدىم يالقۇن ساچار، دېدى سۆزۈممۇ؟
دېدىم ۋولقانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم قىياق نەدۇر؟ دېدى قاشىمدۇر،
دېدىم قۇندۇز نەدۇر؟ دېدى ساچىمدۇر.
دېدىم ئون بەش نەدۇ؟ دېدى ياشىمدۇر،
دېدىم جانانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم دېڭىز نەدۇر؟ دېدى قەلبىمدۇر،
دېدىم رەنا نەدۇر؟ دېدى لېۋىمدۇر.
دېدىم شېكەر نەدۇر؟ دېدى تىلىمدۇر.
دېدىم بىر ئاغزىمە؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم زەنجىر تۇرار، دېدى بوينۇمدا،
دېدىم ئۆلۈم باردۇر، دېدى يولۇمدا،
دېدىم بىلەزۈكچۇ؟ دېدى قولۇمدا،
دېدىم قورقارمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق ــ ياق.

دېدىم نېچۈن قورقماسسەن؟ دېدى تەڭرىم بار،
دېدىم يەنىچۇ؟ دېدى خەلقىم بار.
دېدىم يەنە يوقمۇ؟ دېدى روھىم بار.
دېدىم شۈكرانىمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق ــ ياق.

دېدىم ئىستەك نەدۇر؟ دېدى گۆلۈمدۇر،
دېدىم چېلىشماققا؟ دېدى يولۇمدۇر،
دېدىم ئۆتكۈر نېمەڭدۇر؟ دېدى قولۇمدۇر،
دېدىم ساتارمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق ــ ياق ...

1947- يىل 8- مارت. ئۈرۈمچى

## ياشلىق

ياشلىق چېغىم ــ گۈل بېغىم،
قەدرى ئۇلۇغ بىر چېغىم،
ھەيۋىتىم ھەم سۆلىتىم،
ھەم يۆلەنچىم زور تېغىم.

ياشلىق، تىرىش زامان شۇ،
بىلمەك ــ قۇتلۇق نىشان شۇ.
بىلىم تاپماي قۇتۇلۇش،
ھېچ بولمىغان خىيال ئۇ.

بىلمەكنىڭ چېغى ياشلىق،
ئىلھامنىڭ بېغى ياشلىق،
ھاياتنىڭ بىر قاچا سۈت،
قايمىقى، يېغى ياشلىق.

بىلمەك ــ ئەرنىڭ زور ئىشى،
پەرق قىلىنماس ئەر ــ تىشى.
ھېچكىم سېنى يەكلىمەس،
بىلىك يۇرتى ئۆركىشى.

بىلەي دېسەڭ بىلىك كۆپ،
ھاياتىڭدا بىتىك كۆپ
ئەگەر غەيرەت قىلمىساڭ،
بىر ھەرپمۇ بىلىك يوق...

«ئۈزغان ئۆمۈر ـ ئاتقان ئوق»،
ياشلىق كېتىپ قايتقان يوق.
پەيغەمبەرمۇ، سۇلتانمۇ،
تاغدەك ئۆمۈر تاپقان يوق.

قۇياش پاتسا مەغرىبتىن،
تۇغۇر ئەته مەشرىقتىن.
ياشلىق كېتىپ بىر يولا.
قايتمىغان ھېچ تارىختىن.

كۆكلەم كېتىپ كەلگەن بار.
جانان ئىستەپ سۆيگەن بار.
كەتكەن ياشلىق ئارقىدىن
كىم قوغلىشىپ يەتكەن بار؟

كۈزدە غازاڭ بولغان گۈل،
كۆكلەمدە قۇچار بۇلبۇل؛
ئارچا ياغىچى كۆيسە،
كۈل قالارىن ئوبدان بىل.

«قۇتادغۇ» نى پۈتكەن «خاس»،
بىلىكتىن تاپتى ئاساس.

بىلىكتىن مەھرۇم كىشى
ئوچۇق كوردۇر ھەمدە گاس.

ئۆگەن ياشلىق، چېلىشقىن،
بىلىك تېغىغا ياماشقىن.
بىر يىقىلساڭ، بىر قوپۇپ،
ھاياتقا كەڭ يول ئاچقىن!

1947- يىل 2- ئۆكتەبر، ئۈرۈمچى

## تاماكا بايان

توسما مېنى يار، چېكەي بىر نەپەس،
ئۆرگۈلدى پەلەك، تاماكا بايان؛
ئەمەستى ماڭا چېكىش بىر ھەۋەس،
كۆيىدۇ يۈرەك، تاماكا بايان.

يانار تاغ ئىچى بولغاچقا يالقۇن،
دائىم ئۈستىدىن كەتمەيدۇ تۈتۈن.
ھەيران قالمىغىن چىقسا ئاغزىمدىن
كۆكۈچ چەمبىرەك، تاماكا بايان.

بىلىمەن دىلدار، يۈتمەن زەھەر،
تېگەر ھەر سائەت يۈرەككە نەشتەر.
ۋە لېكىن شۇنى ئىستەيدۇ كۆڭۈل،
ئەمەسمەن گۆدەك، تاماكا بايان.

سارغايدى دېمە رەڭگىمنى جانان،
نىكوتىن ئەمەس مېنى سارغايتقان.
بېغىمنى كەچ كۈز بورىنى باسسا،
سولمامدۇ چېچەك، تاماكا بايان.

قاچانكى باقسام غەمكىن يۈزۈڭگە،
ئاچچىق ياشلىرىم تولۇر كۆزۈمگە.
قايغۇ ـ ئەلەمنى باسمىش دەيدۇ،
شۇ كۆكۈچ تۈتەك، تاماكا بايان.

توسما مېنى يار، چېكەي بىر نەپەس،
چەكمەي دېسەممۇ، بۇ مەيلىم ئەمەس.
مەيلى ئەمەسمۇ شۇ زەھەر بىلەن،
سەگىسە يۈرەك، تاماكا بايان.

1948- يىل 12- دېكابر، ئۈرۈمچى

ماتېرىيال توپلىغۇچى: ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسىدىن مۇھەممەدجان ھەمىت ھەيدەرى (tapakkur@gmail.com)

تەھرىرلىگۈچى ۋە ئېلكىتابقا ئايلاندۇرغۇچى: مەزكۇر گۇرۇپپىدىن سەھرا ئوغلى (sahraboy@gmail.com)

(ئىملاسى ئۇيغۇر ئېدىت بىلەن تەكشۈرۈلدى)